# دىنىي ئۆگىنىمەن

دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى نەشرىياتى

ئەنقەرە
2009

# كىرىش سۆز

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

كۆز قارچۇقىمىز سۆيۈملۈك بالىلار:

ھاياتنىڭ باھار پەسلىدە، تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىنمۇ بىلىم ئېلىشنىڭ، ئۆگۈنۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان سىزلەر ئۈچۈن قەلبىمىز مۇھەببەت بىلەن تىترىمەكتە.

يېڭى گۈزەللىكلەرنى سىلەر بىلەن بىللە قولغا كەلتۈرۈشنى خالايمىز. يارىتىلىشىمىز ئىسلام بىلەن گۈزەللەشكەن، ياخشىلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن، ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ ۋە گۈزەل ئەخلاق مائارىپ ئارقىلىق كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەكس ئەتكەن چاغدىلا بىز ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان گۈزەل ئىنسان بولالايمىز.

شۇڭا، قولۇڭلاردىكى بۇ كىتاب بالىلىق سەبى دۇنيايىمىزدىكى گۈزەللىكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلاندى. گەرچە بۇ كىتابنىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما بىلىم، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭلارغا ئىنشائاللاھ، بەلگىلىك تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. چۈنكى بۇ كىتابتىن دىن سىلەرگە بىلدۈرمەكچى بولغان پايدىلىق بىلىملەرنى تاپالايسىلەر. ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بىسمىللاھ دەپ باشلاشنىڭ پايدىسىنى، ئۆزئارا سالاملىشىشنىڭ كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇشتىكى كۈچىنى ھېس قىلىسىلەر. گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتىكى ئەڭ ياخشى ئۆرنەك، ئائىلە ۋە جەمىيەت ھاياتى ئۈچۈن ئاساسىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئوقۇيسىلەر. يەنە سىلەر قىزىقىدىغان بەزى تېمىلارمۇ بار. ئوقۇغاچ تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىڭلارغا، ھېس قىلىدىغانلىقىڭلارغا، رەببىمىز بىزنىڭ قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى خۇشاللىق بىلەن قىلىدىغانلىقىڭلارغا، قىلما دېگەنلىرىدىن يىراق تۇرىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمىز.

ئارزۇ ـ تىلىكىمىز شۇكى، ياخشى ئىشلارغا خۇشال بولۇش، يامان ئىشلاردىن بىئارام بولۇش، قەلبىمىز بىر چۈمۈلىگىمۇ زىيان سېلىشنى خالىمايدىغان دەرىجىدە نازۇك بولۇش ۋە مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئادىتىمىزگە ئايلاندۇرۇش، ھەر زامان ياخشى ئىش قىلىش، يامانلىققا يېقىن يولىماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. سىلەرمۇ ھازىر بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭلارغا ئالالايدىغان ھالغا كەلدىڭلار. سىلەرگە ئىشىنىمىز ۋە بىزنى نائۈمىد قويمايدۇ دەپ ئويلايمىز.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىلەن چوڭ بولۇڭلار، ئۈمىدۋارلىق بىلەن كەلگۈسىگە قاراپ ئالغا!

**تۈركىيە باش مىنىستىرلىك دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى**

**نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:**

ئالپئارسلان دۇرمۇش

خەدىجە ئىشلاق

ئىلياس ئاسلان

نەرىمان گۆكچەگۆز قاراتەكىن

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**

تۇرسۇنئاي

**رىياسەتچى:**

ئۆمەر مەنەكشە

**2009 ــ ئەنقەرە**

ISBN: 975-19-3595-4

**دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى**
**دىنىي ئەسەرلەر نەشرىياتى**

**ئالاقىلىشىش ئادرىسى:**

Eskişehir yolu 9. km.
Çankaya / ANKARA
Tel: (+90 312) 295 73 06
Faks:(+90312)2847288

**تور ئادرىسى:**

www.diyanet.gov.tr

**ئىلخەت:**

diniyayinlar@diyanet.gov.tr

# مۇندەرىجە

## ئىمان / 4


I. باب
ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز، رەببىمىز: ئاللاھ ...... 6
II. باب
1. رەببىمىزنىڭ ئەمرىدىكى مەنىۋىي خىزمەتچىلەر: پەرىشتىلەر ...... 11
2. ئىلاھىي بىلىم مەنبەسى: مۇقەددەس كىتابلار ...... 12
3. ئاللاھ ئەۋەتكەن تاللانغان رەھبەرلەر: پەيغەمبەرلەر ...... 13
4. بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرى: ئاخىرەت ھاياتى ...... 15
5. ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس نىزامى: تەقدىر ...... 17


## ئىبادەت / 20


I. باب
رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ...... 23
II. باب
يامانلىقتىن يىراقلىششىنى ئۆگۈتىدىغان روزا ...... 28
III. باب
1. ئاللاھ بەرگەندىن ئاللاھ ئۈچۈن خەجلەش: زاكات ...... 31
2. مۇقەددەس سەپەر: ھەج ...... 33


## ئەخلاق / 36


I. باب
1. ئىسلام گۈزەل ئەخلاقتۇر ...... 38
2. ئەخلاقنىڭ مەنبەسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ...... 40
II. باب
ئۆزىمىز ۋە ئائىلىمىزگە نىسبەتەن ۋەزىپىلىرىمىز ...... 42
III. باب
جەمئىيىتىمىز ۋە بارلىق ئىنسانلارغا قارىتا ۋەزىپىلىرىمىز ...... 46

دىنىمنى ئۆگىنىمەن

# ئىمان

**«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.»**

(نىسا سۈرىسى، 136 ـ ئايەت)

## ئىزدەن ـ تەتقىق قىل ـ ئويلان!

**.1** تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن ئىزدەپ تېپىپ دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار:
**ئىمان، مۆمىن، ئىسلام، مۇسۇلمان، ۋەھيى**

**.2** كۈندىلىك تىلىمىزدا بىز كۆپ قوللىنىدىغان جۈملىلەر ۋە ماقال ـ تەمسىللەر ئىچىدە تۆۋەندىكى سۆزلەر بارلىرىدىن بىر قانچىنى مىسال كەلتۈرۈڭلار. بۇ سۆزلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقىنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن مۇلاھىزە قىلىڭلار:
**ئاللاھ، پەرىشتە، قۇرئان، پەيغەمبەر، ئاخىرەت، قىيامەت**

**.3** «دىن كۈلتۈرى ۋە ئەخلاق بىلىمى» دەرسلىك كىتابىڭلاردىن ياكى تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى نەشر قىلغان تۆۋەندىكى كىتابلاردىن ئىمان ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى تېپىپ ئوقۇڭلار:

ئا. **«ئىمان ئېيتتىم، بەختلىكمەن»**، ئا. ماھىر پەكشەن.

ئە. **«ئاللاھقا ئىشىنىمەن»**، رامازان ئاتىلگان.

ب. **«ئاللاھىم، سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن»**، زارىفە جانان.



ئاللاھ ياراتقان جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئىنسان ئەڭ شەرەپلىكتۇر. ئۇنى شەرەپلىك قىلغان ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىك بولسا، ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلالايدىغانلىقىدۇر. ئىنسان تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ياخشى بىلەن يامانىنى، گۈزەل بىلەن سەتنى، توغرا بىلەن خاتانى بىر-بىرىدىن ئايرىيالايدۇ. ئىنساننىڭ يېيىش-ئىچىش، ئۇخلاش قاتارلىق تۈرلۈك ئارزۇ-ئىستەك ۋە ئېھتىياجلىرى بار. بۇ ئېھتىياجلار ھەل قىلىنمىسا، بەدەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايدۇ، مەۋجۇتلۇقىنى سالامەت ھالدا داۋاملاشتۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشىنىش، ئويلاش، ياخشى كۆرۈش، خۇشال بولۇش، بىئارام بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش قاتارلىق فىزئولوگىيىلىك بولمىغان ئېھتىياجلارمۇ بار. ئىنسان ئەڭ موھتاج بولغان مەنىۋى ئېھتىياج بولسا ئىشىنىش، يەنى ئىمان ئېيتىشتۇر. پەقەت مۇشۇ ئېھتىياجلار ھەل قىلىنغان ۋاقىتتىلا ئىنسانلار ھەقىقىي بەختلىك ۋە خۇشال-خورام بولالايدۇ.

ئىمان—بىرىگە قەتئىي ئىشىنىش، يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن قىلچىلىك شۈبھىلەنمەي ئىشەنچ قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىمان ئېيتقۇچى كىشى مۆمىن دېيىلىدۇ. دىنىمىز ئىسلامنىڭ ئىمان ئاساسلىرى ئالتە ماددىغا يىغىنچاقلانغان: ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش. بۇلار «ئامەنتۇ» دەپ ئاتىلىدىغان تېكىستتە تەرتىپلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**«ئامەنتۇ»نى بىلمىسىڭىز چوڭلاردىن سوراپ ئۆگىنىۋېلىڭ!**

**1. باپ**

# ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز، رەببىمىز:
# ئاللاھ

**«كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.»**
(تەغابۇن سۈرىسى، 11 ـ ئايەت)

ئىمان ئاساسلىرىنىڭ مەركىزى بولسا ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتۇر. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئۇنى تونۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە مۇقەددەس كىتابلاردىن بىلەلەيمىز. بۇ مەلۇماتلار ئۇنىڭ **«ئەسمائى ھۇسنا»** دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل ئىسىملىرىدە يىغىنچاقلانغان.



**«ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھقا شۇ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن دۇئا قىلىڭلار.»**
(ئەئراف سۈرىسى، 180 ـ ئايەت)

## ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى

بىز ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى تىلغا ئالغان ئاللاھىمىز ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ يۈكسەك سۈپەتلەرگە ساھىپتۇر:

### زاتى سۈپەتلىرى

**ۋۇجۇد** (باردۇر)

**قىدەم** (باشلىنىشى يوقتۇر)

**بەقا** (ئاخىرلىشى يوقتۇر، ئەبەدىيدۇر)

**ۋەھدانىيەت** (بىردۇر)

**مۇخالەفەتۇن لىل ـ ھاۋادىس** (مەخلۇقاتلارغا ئوخشىمايدۇ)

**قىيام بىنەفسىھى** (ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر)

### سۇبۇتى سۈپەتلىرى

**ھايات** (مۇتلەق تىرىك)

**ئىلىم** (ھەممىنى بىلگۈچى)

**سەمى** (ھەممىنى ئاڭلىغۇچى)

**باسار** (ھەممىنى كۆرگۈچى)

**كەلام** (توغرا ۋە ياخشى سۆز قىلغۇچى)

**ئىرادە** (مۇتلەق ئىرادە قىلغۇچى)

**قۇدرەت** (ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان)

**تەكۋىن** (خالىغىنىنى ياراتقۇچى)

ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغ زاتتۇر. ئۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيدۇر. ھەمىشە بار ئىدى ھەم دائىما بار بولىدۇ. بىردۇر ۋە تەڭدىشى يوقتۇر. ھېچقانداق مەخلۇق ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر. ھەركىم ۋە ھەر نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجتۇر. كائىناتتا بار بولغان جىمى مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھتۇر.

ئۇ ئۆلمەستۇر، مۇتلەق تىرىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە شەيئى ۋاقىتلىقتۇر. ئاللاھ ھەممە جانلىق ۋە شەيئىلەرنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر. كۆڭلىمىزدە ئويلىغان ھەرقانداق ئىشنى بىلىپ تۇرىدۇ. قەيەردە بولۇشىمىزدىن قەتئىنەزەر، ھەممىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرىدۇ. دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ تىلىكىنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلىدۇ. ئەمىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا بىلدۈرىدۇ. نېمىنى خالىسا، ھېچكىمگە موھتاج بولماي قىلىدۇ، ھېچكىم ئۇنى توسالمايدۇ. خالىغىنىنى خالىغانچە يارىتىدۇ. بىر شەيئىگە «بارلىققا كەل!» دېيىشى بىلەنلا، ئۇ شەيئى بارلىققا كېلىدۇ. پۈتۈن كائىناتنى ئۇ ياراتقان. يارىتىلغۇچىلارغا قارايدىغان بولساق، ھېچقانداق نەرسىنىڭ بىكارغا يارىتىلمىغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ ھېكمەت بىلەن بىر غايە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى، ھەر بىر شەيئىنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىدىغان قانۇنىيەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

**ئەتراپىڭلاردىكى شەيئىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئويلاڭلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىلەرگە بىكارغىلا يارىتىلغاندەك كۆرۈنگىنى بارمۇ؟ بۇ تېمىنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن مۇلاھىزە قىلىڭلار. ھەر شەيئىنىڭ يارىتىلىش ھېكمىتىنى بايقاشقا تىرىشىڭلار.**

بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم



## ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن...

ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئۇنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياخشى كۆردۈم دەپ ئېغىزدا دېيىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، مۇھەببەت چوقۇم ئىش-ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشى ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنلايدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان كىشى بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھنى رازى قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ بولسا ھەر دائىم ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولسا، ھەر قانداق ئىشنى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاش دېگەنلىكتۇر. «بىسمىللاھ» دېگەنلىك بولسا، «بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم» جۈملىسىنى ئېيتىش دېگەنلىكتۇر. بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى مۇنداق: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)». بۇنى ئادەتتە قىسقارتىپ «بىسمىللاھ» دەيمىز. بۇنىڭ مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)» دېگەنلىك بولىدۇ. بىز بىسمىللاھ دېيىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلغان بولىمىز:

- **ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىزنى ئىپادىلەيمىز.**
- **باشلىماقچى بولغان ئىشتا ئاللاھتىن ياردەم تىلەيمىز.**
- **ئاللاھنىڭ ھەمىشە بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىمىز.**



**ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن يەتتىنى ئۆگىنىپ، ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنى بۇ ئىسىملاردىن بىر ئىسىم بىلەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىڭلار.**

**مەسىلەن: «ئاللاھىم، سەن ھافىزسەن، مۇھاپىزەت قىلغۇچى، قوغدىغۇچىسەن. مېنى بارلىق ئەسكىلەردىن ۋە يامانلىقلاردىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! ئامىين.»**

**تۆۋەندىكىلەر بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن سۆزلەردۇر. ئەتراپىڭلاردىكىلەردىن سوراپ، بۇ جۈملىلەرنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىڭلار. تىلىمىزدا نېمە ئۈچۈن «ئاللاھ» ئىسمى بار بۇنچە كۆپ ماقال ـ تەمسىل ۋە جۈملىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدە ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن مۇزاكىرە قىلىڭلار.**

- ئاللاھ ئاتا ـ ئانىمىزدىن ئايرىمىسۇن بىزنى.
- ئاللاھ بەرىكەت بەرسۇن.
- ئاللاھ بىر ئىشىكنى ئەتسە، مىڭ ئىشىكنى ئاچىدۇ.
- ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن.
- ئاللاھ ساقلىسۇن.
- ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.
- ئاللاھ رازى بولسۇن.
- ئاللاھ ساڭا دوست بولسىلا، قىلىچىڭ ياغاچتىن بولسىمۇ كېسىدۇ.
- ئاللاھ بىر، پەيغەمبەر ھەق، شىرنە قارا، قىتىق ئاق.
- ئاللاھ سەۋرى ـ تاقەت بەرسۇن.
- ئاللاھ سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزگەي.
- ئاللاھ ئۇچالمايدىغان قۇشقا پاكار شاخ بېرىدۇ.
- ئاللاھ بەرسە، قول ئېلىپ كېلىدۇ، سەل ئېلىپ كېلىدۇ، يەل ئېلىپ كېلىدۇ.
- ئاللاھقا (خۇدايىمغا) ئامانەت.
- ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ.
- سۆز بىر، ئاللاھ بىر.
- ئاللاھ ئىنساننى بىر سۆزلەپ، ئىككى ئاڭلىسۇن دەپ، بىر ئېغىز، ئىككى قۇلاق بېرىپتىكەن.
- ئاللاھ ياردەم قىلسا قۇلىغا، ھەر ئىش كىرەر يولىغا.

## ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشى...

- ✓ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.
- ✓ ئاللاھنىڭ ھەممە شەيئىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر سۆزنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، يالغۇز قالغاندا ۋە باشقىلارنىڭ يېنىدا ھەر دائىم دۇرۇست ۋە ئەخلاقلىق ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىچى ۋە تېشى بىر بولىدۇ.
- ✓ ئاللاھنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى، ئادالەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ، ھېچقانداق كىشىگە ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىق قىلمايدۇ، ناھەقچىلىققىمۇ باش ئەگمەيدۇ.
- ✓ دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، جىمى مەۋجۇداتلارغا مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.
- ✓ ئاللاھنىڭ بارلىق دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ؛ ھەر ۋاقىت ئاللاھتىن پاناھ تىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشىدۇ.
- ✓ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ۋە قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ.

# 2. باپ

## 1. رەببىمىزنىڭ ئەمرىدىكى مەنىۋىي خىزمەتچىلەر: پەرىشتىلەر

ئاللاھ نۇردىن ياراتقان ۋە بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيدىغان مەۋجۇداتلار پەرىشتە (مەلەك) دەپ ئاتىلىدۇ. پەرىشتىلەر ئەركەك-چىشى دەپ ئايرىلمايدۇ. ئۇلار يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى بىجاندىل ئورۇنلايدۇ. كېچە-كۈندۈز ھەمىشە ئاللاھنى زىكىر قىلىدۇ. مۆمىنلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. ھەر بىرىنىڭ پەرقلىق ۋەزىپىسى بار بولغان پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. پەرىشتىلەردىن تۆت نەپىرى: جىبرائىل، مىكائىل، ئىسرافىل ۋە ئەزرائىل.

**«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ.»**

(نەھل سۈرىسى، 49-ئايەت)

### پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتقان كىشى...

- ✓ ئۆزىنىڭ ھېچقاچان يالغۇز ئەمەسلىكىنى، قوغدىغۇچى (ھافازا) پەرىشتىلىرى ۋاستىسى بىلەن ئاللاھنىڭ قوغدايدىغانلىقىنى، ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.
- ✓ كاتىپ پەرىشتىلەر (كىرامەن كاتىبىن)نىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى خاتىرلەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىش-ھەرىكەتلىرىدە تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ.
- ✓ پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىگە دۇئا قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ-دە، ئۆزى ئۈچۈن ھەمدە باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

# 2. ئىلاھىي بىلىم مەنبەلىرى:
# مۇقەددەس كىتابلار

«. . .ئاللاھ خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. (ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى. . .»

(بەقەرە سۈرىسى، 213-ئايەت)

مۇقەددەس كىتابلار ئاللاھنىڭ خەۋىرىنى، ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرىدىغان مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلاردۇر. بۇ كىتابلار ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا ياخشى-يامان، توغرا-خاتانى پەرقلەندۈرۈشى ۋە ناچار ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن يول كۆرسەتكۈچى مەشئەلدۇر. بۇ كىتابلار: تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە قۇرئانى كەرىمدۇر. گەرچە مۇقەددەس كىتابلار پەرقلىق زامانلاردا پەرقلىق خەلقلەرگە ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ساغلام ئىمان، توغرا سۆز-ھەرىكەت ۋە گۈزەل ئەخلاقتىن ئىبارەت ئوخشاش چاقىرىقنى قىلىدۇ. قۇرئاندىن باشقا كىتابلار مۇئەييەن بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن. قۇرئان بولسا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن. ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقى بولغان قۇرئان قىيامەتكە قەدەر ئىناۋەتلىك بولۇش سۈپىتىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان. باشقا كىتابلارنىڭ ئەسلى ھالىتى ھازىر يوقتۇر. قۇرئاننىڭ بىر ھەرپىمۇ ئۆزگەرتىلمەي ئەسلى پېتى ساقلانماقتا. قىيامەتكە قەدەرمۇ ئۆزگەرتىلمەيدۇ. دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان كىتاب قۇرئاندۇر. قۇرئان ئوقۇش ئىبادەتتۇر.



**ئاللاھنىڭ قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى قايسى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىڭلار.**

## كىتابلارغا ئىمان ئېيتقان كىشى...

- ✓ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى دۇنيا ھاياتىدا يولباشچىسىز تاشلاپ قويمىغانلىقىنى، ئۇلارغا يول كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.
- ✓ ئاللاھنىڭ چاقىرىقىنى چۈشىنىشكە، چۈشەنگەنلىرىنى ھاياتىغا تەدبىقلاشقا تىرىشىدۇ.
- ✓ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇيدۇ. ئوقۇغانلىرىنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر ۋە شىپا بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.
- ✓ قۇرئانى-كەرىمنى قولىغا ئالغىنىدا ئۆزىگە ئوخشاش مىليونلارچە مۇسۇلمان بىلەن ئوخشاش بىر كىتابنى ئوقۇغانلىقىنى بىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئارا بىرلىك، ئىتتىپاقلىق تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ.



قۇرئان

# 3. ئاللاھ ئەۋەتكەن ئاللانغان رەھبەرلەر: پەيغەمبەرلەر

ئاللاھ ھەر خىل زامانلاردا ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش، ئەۋەتكەن كىتابلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى چۈشىنىشى ۋە چۈشەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىشى ئۈچۈن رەھبەرلەر (يولباشچىلار) ئەۋەتكەن. بۇ رەھبەرلەر پەيغەمبەر دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈش، چۈشەندۈرۈش، ئۆگىتىش ۋە ئىجرا قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنى كەم-كۈتسىز ئادا قىلغان. ئۇلار ھاياتىنىڭ ھەر باسقۇچىدا ئۆرنەك بولغان. پەيغەمبەرلەر ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە گۈزەل مۇكاپاتلار بارلىقى ھەققىدە خۇشخەۋەر بەرگەن. شۇنداقلا

**«پەيغەمبەرلەرنى پەقەت خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز، ئىمان ئېيتقان ۋە (ئۆزىنى) تۈزىگەن كىشىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، قايغۇرۇش يوقتۇر.»**
(ئەنئام سۈرىسى، 48-ئايەت)

ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلمىغانلارنىڭمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى ھەققىدە بىزنى ئاگاھلاندۇرغان. ئۇلار ئۆز خەلقى ئارىسىدا دۇرۇست، ئىشەنچلىك، ئەخلاقلىق، ئەقىللىق ۋە گۇناھسىز كىشىلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئاللاھ ئىنسانلارغا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، لېكىن قۇرئانى-كەرىمدە پەقەت يىگىرمە بەش پەيغەمبەرنىڭلا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان.

ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقى بولمىش قۇرئاننى بىزگە ئېلىپ كەلگەن رەھبەر بولسا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۇ ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. بارلىق ئىنسانلارغا مەرھەمەت مەنبەسى قىلىپ ئەۋەتىلگەندۇر. ئۇ قۇرئان چاقىرىقىنى ھاياتىغا تەدبىقلىغان ئۆرنەك ئىنساندۇر.

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقان كىشى...

- ✓ ھەر ساھەدە ئۇلارنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىدۇ.
- ✓ دۇرۇستلۇق ۋە توغرىلىقتا ئۆرنەك بولغان پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش دۇرۇست بولۇشقا تىرىشىدۇ.
- ✓ پەيغەمبەرلەرنىڭ گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت ۋە تەدبىقاتلىرىنى ئۆگىنىپ، بۇلارنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدا تەدبىقلاشقا تىرىشىدۇ.
- ✓ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممە كىشىگە ئادىل مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئادىل بولۇشقا تىرىشىدۇ.

**قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپ بېقىڭلار، كۈنىمىزدە بۇ ئىسىملاردىن قايسىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىڭلار.**

# 4. بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرى:
# ئاخىرەت ھاياتى

ھاياتنى ۋە ئۆلۈمنى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر. جانلىق بولغان ھەر قانداق شەيئى دۇنياغا كېلىدۇ، ياشايدۇ ۋە ئۆلىدۇ. كۈز پەسلىدە دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ يەرگە چۈشۈشكە باشلايدۇ. باھار پەسلى كېلىش بىلەنلا دەل-دەرەخلەر ياشىرىپ كۆكلەيدۇ، چېچەكلىرى ئېچىلىپ، مېۋە تۇتىدۇ. ئىنسانلارمۇ مۇشۇنداقتۇر. ھەر ئىنسان بىر كۈنى ئۆلىدۇ. لېكىن ئۆلۈم يوقىلىش ئەمەس، بەلكى يېڭى ۋە پەرقلىق بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

ھەر جانلىقنىڭ بىر ئاخىرلىششى بولغىنىدەك، بىز ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ كائىناتنىڭمۇ بىر چېكى باردۇر. كائىناتنىڭ ئاخىرلىشىپ يوقىلىشى قىيامەت كۈنى دېيىلىدۇ. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز كېلىدۇ. قىيامەتتىن كېيىنكى مەزگىل ئاخىرەت ھاياتىدۇر.

ئاللاھ دۇنيا ھاياتنى ياخشىلار بىلەن يامانلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىيدىغان بىر ئىمتىھان يېرى قىلىپ يارلىققا كەلتۈرگەن. ھېچكىمگە ناھەقچىلىق قىلمايدىغان ۋە ئادالەتلىك بولغان ئاللاھ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلار بىلەن ئىتائەت قىلمىغانلارنى ئاخىرەتتە ئادىل ھېسابقا تارتىدۇ. دۇنيا ھاياتى ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ھازىرلىنىشتۇر. بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىمىز ئاخىرەتتە يولىمىزنى يورۇتىدۇ ياكى قارايتىدۇ.

«شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار (ئاللاھقا قارشى چىقىشتىن يىراق تۇرىدىغانلار) ھەقىقەتەن جەننەتتە بولاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا: «جەننەتكە ئامان-ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار!» دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ.»
(ھىجر سۈرىسى، 45-48-ئايەتلەر)

**تىلىمىزدا مەھشەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانداق سۆزلەر بار؟**
**بۇ سۆزلەرنى قانداق ئەھۋاللاردا قوللىنىدىغانلىقىمىزنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىڭلار.**

ئاخىرەت ھاياتى ھەممە ئادەم يېڭىدىن تىرىلدۈرۈلىدىغان ۋە ئادالەتلىك سوراققا تارتىلىدىغان كۈن بىلەن تەڭ باشلىنىدۇ. سوراق كۈنى (مەھشەر)دە ھەممە ئادەم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدۇ. نەتىجىدە كىم قىلچىلىك ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدۇ. قىلچىلىك گۇناھ قىلغان كىشىمۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

دۇنيا ھاياتىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلمىغانلار تەۋبە قىلمىسا، كەچۈرۈمگە ئېرىشمىسە، جازالىنىش ئۈچۈن جەھەننەمگە كىرىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىپ ياشىغانلار بولسا، تەڭدىشى يوق خىلمۇ-خىل مۇكاپاتلار، ھەر خىل مېۋىلەر ۋە ھەر تۈرلۈك نېمەتلەر بار بولغان جەننەتكە كىرىپ ئەبەدىي ياشايدۇ. ئۇ يەردە كىشىنى راھەتسىز قىلىدىغان قاتتىق ئىسسىق ياكى قاتتىق سوغۇق بولمايدۇ. جەننەتتىكىلەرگە كۆزى كۆرگەن، كۆڭلى تارتقان ھەر قانداق نازۇ-نېمەت داۋاملىق ئىكرام قىلىنىپ تۇرىدۇ.

## ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان كىشى...


- قىلغان ياخشى-يامان بارلىق ئىشلىرىدىن ھېسابقا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.
- ئاللاھ جەننەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىغان نېمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىشقا تىرىشىدۇ.
- دۇنيا ھاياتى بىر ئېتىزلىق، ئاخىرەت بولسا ھوسۇل ئالىدىغان مەزگىلگە ئوخشايدۇ دەپ بىلىپ، دۇنيا ھاياتىدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاخىرەت ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىشقا تىرىشىدۇ.
- ئاجىزنىڭ كۈچلۈكتىن ئۆز ھەققىنى چوقۇم ئالىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ھېچكىمنى بوزەك قىلمايدۇ.

**جەننەتتە ئاللاھنىڭ سىزگە قانداق نېمەتلەرنى بېرىشىنى خالايسىز؟**

# 5. ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس نىزامى:
## تەقدىر

ئاللاھ كائىناتتا نىمىنىڭ قاچان، قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ئۇ شەيئىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىلا چەكسىز، مۇتلەق بىلىمى بىلەن بىلىدۇ. چۈنكى كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە ئۆنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەردە ئىنچىكە ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلەرنى بەرپا قىلغۇچى ئاللاھتۇر. ئاللاھ ئىنساننى ياراتقان، ئىنسانغا خالىغىنىنى قىلالايدىغان ئەركىنلىكنى بەرگەن. خالىغان كىشى توغرا يولدا مېڭىشنى تاللىسا، يەنە خالىغان كىشى خاتا يولدا مېڭىشنى تاللاشتا ئەركىندۇر. ئاللاھ ئىنساننىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىپ، قانداق بىر ئاقىۋەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنىمۇ چەكسىز ئىلمى بىلەن بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەر بىر شەيئىگە بىر ئۆلچەم، مىقدار ۋە قانۇنىيەت بەلگىلىشى، ھەممە نەرسىنى بىلىپ تەقدىر قىلىشى قەدەر؛ ۋاقتى كەلگەندە بۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى، يۈز بېرىشى قازا دەپ ئاتىلىدۇ.

> «قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز.»
> (ھىجىر سۈرىسى، 21-ئايەت)


«ئامەنتۇ» كېمىسىگە چىقىۋالغانلار قۇتۇلىدۇ.

### تەقدىرگە ئىمان ئېيتقان كىشى...

- ✓ ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن مۇستەسنا بىر تال يوپۇرماقنىڭمۇ مىدىرلاپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.
- ✓ ئاللاھ كائىناتتا ياراتقان تەڭپۇڭلۇق، مۇۋازىنەتنى قوغداشقا، ئۇنى بۇزماسلىققا دىققەت قىلىدۇ.
- ✓ ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تەرتىپلىك قانۇنىيەت ئىچىدە ياراتقانلىقىنى بىلىپ، بۇ قانۇنىيەتنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتا ئاللاھقا ئىشەنچە قىلىپ يۆلىنىدۇ.

# سۆز ئويۇنى تېپىشماق

1. ئاللاھتىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى يەتكۈزگۈچى پەرىشتىنىڭ ئىسمى.
2. ئاللاھتىن كەلگەن ئەمىر ـ پەرمانلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ خەلققە تولۇق يەتكۈزۈشى.
3. ئادىل، جەسۇر، تەمكىن، مەرت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «تاللانغان» دېگەن مەنىدىكى بىر ئىسمى.
4. ئىنسانلار دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپات ياكى جازاسىنى كۆرىدىغان ئەبەدىي ياشاش يېرى.
5. ئاللاھنىڭ «ئاخىرلىشى يوقتۇر، ئەبەدىيدۇر» دېگەن مەنىدىكى سۈپىتى.
6. ئاللاھنىڭ ئۈستۈن ئالاھىدىلىكلىرى ۋە گۈزەل ئىسىملىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ.
7. قىلچىلىك شۈبھە قىلماي، چىن يۈرەكتىن ئىشىنىش.
8. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ «ھەممىنى بىلگۈچى» مەنىسىدىكى سۈپىتى.
9. ئاللاھقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇ بىلدۈرگەن نەرسىلەرگە چىن يۈرەكتىن ئىمان ئېيتقۇچى كىشى.
10. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولغان چوڭ ئوغلى.
11. ئىماننىڭ ئەڭ ئىخچام ئىپادىسى بولغان «لا ئىلاھە ئىللاللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» جۈملىسىنىڭ ئىسمى.
12. ئاللاھ بەندىلىرىگە يول كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى نىجاتلىققا باشلاش ئۈچۈن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلغان مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىسمى.
13. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ «مۇھاپىزەت قىلغۇچى، پەرۋىش قىلغۇچى، تەربىيىلىگۈچى، ئۇستاز» مەنىسىدىكى ئىسمى.
14. رەببىمىزنىڭ «دوست» ۋە «ياردەم قىلغۇچى» مەنىسىدىكى ئىسمى.
15. «ئۇلۇغ ئاللاھقا بويسۇنۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە دىن دەپ بىلدۈرگەننىڭ ھەممىسىنى قەلبىمىزدە تەستىق قىلىپ، تىلىمىزدا سۆزلەش، ئىشەنگىنىمىزگە رىئايە قىلىپ ياشاش، ئىمان ئېيتقىنىمىزنى ئەمەلىيىتىمىزدە، ئىش ـ ھەرىكىتىمىزدە كۆرسىتىش» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان دىنىمىزنىڭ ئىسمى.
16. قۇرئاندا ئىمان بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان «ئاڭلىق قىلىنغان ياخشى ئىش، گۈزەل مۇئامىلە، ئىجابىي ھەرىكەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ.
17. ئاللاھنىڭ بىر ۋە يېگانە ئىكەنلىكى، زاتىنىڭ، سۈپەتلىرىنىڭ ۋە پېئىللىرىنىڭ تەڭدىشى، ئوخشىشى ۋە شېرىكى يوقلۇقى مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپىتى.
18. ئىمان ئېيتىش شەرت بولغان پرىنسىپ، ئىمان ئاساسى، ئېتىقاد.
19. ئاللاھ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىسمى.
20. ھەر تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر بار بولغان، مۆمىنلەر ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىدىغان يەر.

# ئاللاھىم!

راھمانسەن، ھەممە مەخلۇقاتقا مەرھەمەت قىلغۇچىسەن. بىزگىمۇ مەرھەمەت قىلغىن!
راھىمسەن، سىنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنى مۇھەببەت بىلەن قورشىغۇچىسەن. بىزنى ياخشى
كۆرگەنلىرىڭنىڭ ئارىسىدا بولغىلى نېسىپ قىلغىن!
قۇددۇسسەن، ھەر خىل ئەيىپ-نۇقسان سۈپەتلەردىن يىراقسەن. بىزنى كىرلەردىن پاكىزلىغىن!
سالامسەن، ھەر تۈرلۈك خىيىم-خەتەردىن ساقلىغۇچىسەن. بىزنى قورقۇنچاقلىقتىن قۇتقازغىن!
مۇئمىنسەن، قەلبىلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچىسەن، ساڭا بولغان ئىشەنچىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن!
ئەزىزسەن، چەكسىز ۋە ئۇلۇغ شەرەپ ئىگىسسەن. بىزنى شەرەپسىز قىلما!
مۇتەكەببىرسەن، ھەممىنىڭ بۈيۈكى سەن، بىزنى تەكەببۇرلۇقتىن ساقلا!
بارىيسەن، جىمى مەۋجۇداتنى ئۆزئارا ماس قانۇنىيەت ئىچىدە ياراتقۇچىسەن. بىزنى بۇ قانۇنىيەتتىن ئۇزاقلاشتۇرما!
مۇساۋۋىرسەن، ھەر مەۋجۇداتقا گۈزەل شەكىل بەرگۈچىسەن. بىزگە بۇ گۈزەللىكنى ساقلاپ قېلىش كۈچى بەرگىن!
غاففارسەن، كۆپ ئەپۇ قىلغۇچىسەن، بىزنى ئەپۇدىن مەھرۇم قىلما!
ۋەھھابسەن، كۆپ ھەدىيە بەرگۈچىسەن. بىزنى ھەدىيەلىرىڭ بىلەن خۇشال قىلغىن!
رەززاقسەن، ھەممىگە رىزقىنى بەرگۈچىسەن. داستىخىنىمىزنى نېمەتسىز قويما!
فەتتاھسەن، ھەر نەرسىنى ئاخىرىغىچە ئاچقۇچىسەن، ئىشىكىڭنى يۈزىمىزگە ياپما!
ئالىمسەن، ھەر نەرسىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىسەن، بىزنى نادانلىقتىن ساقلا!
قابىدسەن، خالىغىنىڭنى تارايتقۇچىسەن، بىزنى يوقسۇللۇققا مۇپتىلا قىلما!
باسىتسەن، خالىغىنىڭنى كېڭەيتكۈچىسەن، بىزگە مولچىلىق بەرگىن!
خافىدسەن، خالىغىنىڭنى پەسلەشتۈرسەن، بىزنى پەسلەشتۈرمە!
رافىسەن، خالىغىنىڭنى يۈكسەلدۈرسەن، بىزنى يۈكسەلدۈرگىن!
مۇئىزسەن، ئىززەت ۋە شەرەپ بەرگۈچىسەن، بىزگە شەرەپ نېسىپ قىلغىن!
مۇزىلسەن، خار، بىچارە قىلغۇچىسەن، بىزنى خار قىلما!
سەمىيسەن، مەخپىي، ئاشكارا ھەممىنى ئاڭلىغۇچىسەن، بىزنى ساڭا يالۋۇرۇشتىن يىراقلاشتۇرما!
باسىرسەن، ھەممىنى تەپسىلىي كۆرگۈچىسەن، بىزگىمۇ تەپسىلىي كۆرەلىگۈدەك كۆز بەرگىن!
ئادىلسەن، ئادالەتنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرغۇچىسەن، بىزنى زۇلۇمدىن ئۇزاق ئەيلە!
لاتىفسەن، لۇتفى كەرىمى مول بولغۇچىسەن، بىزنى لۇتۇڭ دېڭىزىدا ئۈزگىلى نېسىپ قىلغىن!
خابىرسەن، ھەممىدىن خەۋەردارسەن، بىزنى ئۆزىمىزدىن بىخەۋەر قىلما!
ھەلىمسەن، يارىتىلغۇچىلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلغۇچىسەن، بىزگىمۇ يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتكىن!
غافۇرسەن، بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن!
شەكۇرسەن، شۈكۈرلەرنى قوبۇل قىلغۇچىسەن، بىزگە شۈكۈر قىلىش ئىمكانى بەرگىن!
ھافىزسەن، ھەممىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىسەن، بىزنى ناچار ئىشلاردىن ساقلا!
ھاسىبسەن، ھەممىدىن ھېساب سورىغۇچىسەن، بىزنى بېرەلمەيدىغان ھېساباتتىن ئۇزاق قىلغىن!
كەرىمسەن، ياخشىلىقنىڭ ۋە ئىكرامنىڭ مولدۇر. بىزگە مەرتلىكنى ئۆگەتكىن!
راقىبسەن، جىمى مەخلۇقلارنى كۆزەتكۈچىسەن، بىزگە نازارەت ئاستىدا ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنۇتتۇرما!
مۇجىبسەن، دۇئالارنى قوبۇل قىلغۇچىسەن، دۇئالىرىمىزنى جاۋابسىز قويما!
ھاكىمسەن، ھەممىنى دەل جايىدا قىلغۇچىسەن، بىزنى پايدىسىز ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرغىن!
ۋەدۇدسەن، بەندىلىرىڭنى ناھايىتى ياخشى كۆرگۈچىسەن، بىزگە ياخشى كۆرۈشنى ئۆگەت!
بائىسسەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىسەن، بىزنى بەختلىك قىلغان ھالدا تىرىلدۈرگىن!
شەھىدسەن، ھەممىگە شاھىتسەن، سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزغا شاھىت بول!
ھەقسەن، تەك ھەقىقەت سەن، بىزگە ھەقىقەتنىڭدىن ئىلھام قىل!
ۋەكىلسەن، ئىشەنچلىكسەن، بىزگە ساڭا ئىشەنچە قىلىشنى ئۇنۇتتۇرما!
قاۋىيسەن، كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسسەن، بىزنى سۆيگۈڭ بىلەن كۈچلەندۈرگىن!
مەتىنسەن، ئەڭ كۈچلۈكسەن، بىزنى ئاجىزلاشقان چېغىمىزدا يالغۇز قويما!
ۋەلىيسەن، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دوستىسەن، بىزنى دوستلۇققا قوبۇل قىلغىن!
ھامىدسەن، ماختاشقا لايىقسەن، بىزگە ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىشنىڭ لەززىتىنى تېتىتقىن!
ئامىين!

# ئىبادەت

## ئىزدەن ـ تەتقىق قىل ـ ئويلان!

1. **كەلىمەئى ـ شاھادەت، ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج** دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ياكى بۇ ئىبادەتلەرگە ئالاقىدار شېئىر، ھېكايە، تېپىشماق بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغانلىقىنى چوڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار. بىلگەنلىرىڭلارنى دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار.
2. بۇ باپتىكى مەزمۇنلارنى ئۆگىنىدىغان چاغدا ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەر بىر تېما ئۈچۈن بىر ھەپتە ئايرىپ مۇزاكىرە قىلىڭلار. مەسىلەن: **جامىلەر ۋە دىنىي زاتلار ھەپتىسى، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھەپتىسى** دېگەندەك.
3. **«ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەر ئىش ئىبادەتتۇر»** دېگەن سۆزگە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىن مىسال كەلتۈرۈپ، ساۋاقداشلار ئارا مۇزاكىرە قىلىڭلار.
4. رامىزان ئېيى نېمىشقا مۇھىم؟ قەدىر كېچىسى نېمە ئۈچۈن مىڭ ئايدىن تېخىمۇ خەيرلىك؟ ساۋاقداشلار ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭلار.
5. «دىن كۈلتۈرى ۋە ئەخلاق بىلىمى» دەرسلىك كىتابىدىن ياكى تۈركىيە دىيانەت كومىتېتى نەشر قىلغان تۆۋەندىكى كىتابلاردىن ئىبادەتكە ئائىت مەزمۇنلارنى تېپىپ ئوقۇڭلار:
   - ئا. **«يانچۇق ئىلمىھالى»**، (قىسقىچە فىقھ كىتابچىسى)، مەھمەت سويمەن،
   - ئە. **«رامىزان ۋە روزا»**، سەيفەتتىن يازىجى،
   - ب. **«ئىسلام دىنىدىكى ھاراملار ۋە چوڭ گۇناھلار»**، لۇتفى شەنتۈرك.



**«ئېيتقىنكى: شۈبھىسىز، مېنىڭ نامىزىم، باشقا ئىبادەتلىرىم، ھاياتىم ۋە ئۆلۈمىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر.»**
(ئەنئام سۈرىسى، 162 ـ ئايەت)

ئىبادەت ـــ ئۆزى خالاپ چىن كۆڭلىدىن ئاللاھقا بۇرۇلۇش، بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىبادەت ياراتقۇچىغا بولغان سۆيگۈنىڭ نەتىجىسىدۇر ۋە پەقەتلا ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنىدۇ. بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسىدا ئاللاھقا بولغان ئىمان بار.

ئىنسان ياراتقۇچىغا بولغان سۆيگۈسىنى قانداق ئىپادىلەيدۇ؟ ياراتقۇچىنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟ قۇرئانى كەرىمدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىنسانلارغا مۇنداق چاقىرىق قىلىشى بۇيرۇلغان: **«ئېيتقىنكى: ئەگەر ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلاركى، ئاللاھمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرگەي ۋە گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلغاي. چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 31-ئايەت) دېمەك، لايىقىدا ئىبادەت قىلىش پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىش بىلەنلا مۇمكىندۇر. دېمەكسىمۇ، ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقنى ئىپادىلەش بولۇپ، بۇ كەلىمەئى شاھادەتتە ئېنىق بىلدۈرۈلگەن:

**گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.**

ئىنساننىڭ ئېتىقادى يۈزىسىدىن قىلغان بارلىق ئىجابىي ۋە پايدىلىق ئىشلىرى ئىبادەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ: مەسىلەن: ئاللاھ يولىدا تىرىشىش، ياخشىلىقنى تەشۋىق قىلىش، يامانلىقنى توسۇش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىقلار. ناماز، روزا، ھەج ۋە زاكات بولسا، ئىسلامدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەردۇر. بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقتى، ئورنى، قىلىنىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى دىنىمىزدا ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئەقلى-هۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ۋە تېگىشلىك شەرتكە ئۇيغۇن بولغان ھەر مۇسۇلماننىڭ بۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىنسانلار **«مۇكەللەف»** دەپ ئاتىلىدۇ. دىنىمىزدا مۇكەللەفلەرنىڭ بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىسمى باردۇر:

بىر كۈندە ئوقۇغان بەش ۋاقىت ناماز ئەسناسىدا **«ئاللاھۇ ئەكبەر»** سۆزىنى قانچە قېتىم تەكرارلىغانلىقىڭىزنى ساناپ بېقىڭ. چوڭلاردىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋە ھاياتىمىزدىكى ئەھمىيىتىنى سوراپ مۇلاھىزە قىلىڭ.

## پەرز

قىلىنىشى دىنىمىزدە كەسكىن، ئېنىق سۆز بىلەن ئەمر قىلىنغان، مۇكەللەفلەرنىڭ ئادا قىلىشى شەرت بولغان، ئەگەر قىلمىسا گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. مەسىلەن: ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، ناماز ئوقۇش، ئادىل مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلار.

## ھارام

قىلىنىشى دىنىمىزدە كەسكىن، ئېنىق سۆز بىلەن مەنئى قىلىنغان، مۇكەللەفلەر قىلماسلىقى تېگىشلىك بولغان، ئەگەر قىلىپ سالسا، گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. مەسىلەن: يالغان گەپ قىلىش، غەيۋەت، ئوغرىلىق قاتارلىقلار.

## سۈننەت

پەيغەمبىرىمىز قىلغان ۋە بىزنىڭمۇ قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. مەسىلەن: خوشچىراي بولۇش، چىشنى چوتكىلاش، پاكىزە، چىرايلىق كىيىنىش قاتارلىقلار.

## مەكرۇھ

قىلىنىشى دىنىمىزدە كەسكىن بولمىغان بىر دەلىل بىلەن چەكلەنگەن ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. مەسىلەن: يەرگە ئەخلەت تاشلاش، ناماز ئوقۇغاچ ئەتراپىغا سەپسېلىش قاتارلىقلار.

## مۇباھ

دىنىمىزدە مۇكەللەفلەر بۇنى قىلىش قىلماسلىقتا ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلگەن ئىش-ھەرىكەتلەردۇر. مەسىلەن: يېيىش-ئىچىش، سىرتتا ئايلىنىش، ئىسراپخورلۇق قىلمىغان ھالدا نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش قاتارلىقلار.

**1 . باپ**

# رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا كۈندە بەش ۋاقىت: ناماز

ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ناماز ئوقۇشتۇر. ناماز ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش مەقسىدىدە مۇئەييەن شەرت ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن كۈندە بەش ۋاقىت ئادا قىلىنىدىغان پەرزدۇر. كىشىنى مەنىۋى جەھەتتە ئاللاھقا يۈكسەلدۈرىدۇ. ئىماندىن كېيىن دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەمرى نامازدۇر.

نامازنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇلۇشى ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلاردىن بىرىدۇر. ئىلگىرىكى دىنلاردىمۇ ناماز پەرز قىلىنغان. ھېچقانداق باھانە-سەۋەب يوق ئەھۋالدا نامازنى تەرك قىلىش چوڭ گۇناھتۇر. تاھارەت ئۈچۈن سۇ تاپالمىغاندا تەيەممۇم قىلىپ، ئاغرىپ قالغاندا ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ تۇرۇپ بولسىمۇ ناماز ئوقۇش ئەمر قىلىنغان.

**«مەن ھەققەتەن (ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا يالغۇز ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن.»**

(تاھا سۈرىسى، 14-ئايەت)



**ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، مۆمىنىنىڭ مېراجى، كۆزىمىزنىڭ نۇرى، جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.**



## نامازنىڭ پەرزلىرى

نامازنىڭ 12 پەرزى بار: ئالتىسى نامازغا باشلاشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىنىدۇ، بۇ نامازنىڭ شەرتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئالتىسى نامازنىڭ ئىچىدە ئادا قىلىنىدۇ، بۇلار نامازنىڭ رۇكۇنلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

### 1. نامازنىڭ شەرتلىرى

ناماز ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى بىر خىل ئالاقىدۇر. بۇنداق مۇھىم بىر ئالاقىلىشىشقا تەييارلىقسىز كەلگىلى بولمايدۇ. نامازغا باشلاشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەزى شەرتلەر بار:

1. ھادەستىن تاھارەت: ھۆكمى كىرلەردىن پاكىزلىنىش دېگەنلىكتۇر. ئىنسان ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىغا ھەر خىل ناچارلىقتىن پاكىزلىنىپ، پاك-پاكىزە ھالەتتە چىقىشى كېرەك. تاھارەت ئېلىش، غۇسلى قىلىش بولسا نامازدىن ئىلگىرى پاسكىنا نەرسىلەردىن پاكىزلىنىش دېگەنلىكتۇر.
2. نىجاسەتتىن تاھارەت: ناماز ئوقۇيدىغان يەر ۋە ناماز ئوقۇغۇچى كىشى كىيگەن كىيىملەر پاكىزە بولۇشى كېرەك. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «**نامازنىڭ ئاچقۇچى پاكىزلىقتۇر.**» دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد: «تاھارەت»، 61/31)
3. سەترى ئەۋرەت: ئەۋرەت يېرىنى يۆگەش دېگەنلىكتۇر. ناماز ئوقۇيدىغان كىشى يۆگەشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى يۆگىشى كېرەك.
4. ئىستىقبالى قىبلە: كەبە تەرەپكە قاراش كېرەك. قەلبىنىڭ ئاللاھقا بۇرۇلۇشىنى ئىپادىلەيدۇ.
5. ۋاقىت: ھەر ۋاقىت نامازنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئەييەن ۋاقتى باردۇر. ناماز ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. ئۇخلاپ قېلىپ ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان نامازلارنىڭ قازاسىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا ئوقۇش كېرەك.



6. نىيەت: ناماز پەقەتلا بەزى شەكىل ياكى ھەرىكەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەس. بۇ ھەرىكەت ۋە شەكىللەر نامازنىڭ مەقسىدىگە ئاساسەن قىلىنىشى شەرت. بۇنى تىلدا سۆزلەش ياخشىدۇر.



«ساڭا ۋەھيى قىلىنغاننى ئوقۇغىن، نامازنى تەئدىل ـ ئەركان بىلەن ئوقۇغىن. چۈنكى ناماز ئىنساننى هاياسىزلىقتىن ۋە ناچار ئىشلاردىن توسىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىش ئەلۋەتتە ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.»

(ئەنكەبۇت سۈرىسى، 45 ـ ئايەت)



## 2. نامازنىڭ رۇكۇنلىرى

نامازنىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلغان كىشى ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ناماز ئەسناسىدا قىلىشقا تېگىشلىكلەر بار، بۇلار نامازنىڭ رۇكۇنلىرى دەپ ئاتىلىدۇ:

1. ئىفتىتاھ (باشلاش) تەكبىرى: ھەر نامازنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان «ئاللاھۇ ئەكبەر» سۆزى بىلەن باشلاش كېرەك.
2. قىيام: كۈچى يېتىدىغانلار نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشى كېرەك.
3. قىرائەت: قۇرئان ئوقۇش،
4. رۇكۇ: قولنى تىزنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئېگىلىش،
5. سەجدە: پىشانە، بۇرۇن، ئىككى تىز، ئىككى قول، ئىككى پۇتنى يەرگە قويۇپ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تازىم (سەجدە) قىلىش،
6. قائىدە ـ ئاخىرە: نامازنىڭ ئاخىرىدا ئەتتەھىيياتۇ دۇئاسىنى ئوقۇپ بولغۇچە ئولتۇرۇش.

دىنىنىڭ ماھىيىتىدە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بار بولغانلىقى ئۈچۈن، نامازنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش تەشۋىق قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش زۆرۈر بولغان نامازلاردىن **ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزى ۋە يىلدا ئىككى قېتىملىق ھېيت نامىزى بار.**

**پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى دوستلىرىدىن: «ئىشىكىڭلارنىڭ ئالدىدا ئېقىپ تۇرغان بىر دەريا بولسا ۋە كۈندە بەش قېتىم بۇ دەريادا يۇيۇنساڭلار، سىلەردە كىر دېگەن نەرسە قالامدۇ؟» دەپ سورىدى. دوستلىرى: «قالمايدۇ!» دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن پەيغەمبىرىمىز: «بەش ۋاقىت نامازمۇ مۇشۇنداقتۇر. ئاللاھ ناماز ئارقىلىق گۇناھلارنى يوق قىلىدۇ.» دېدى.**

(بۇخارى: «مەۋاقىت»، 6)

## تاھارەتنىڭ پەرزلىرى


1. قولىمىزنى ۋە يۈزىمىزنى يۇيۇش،
2. قولىمىزنى بىلەكلىرىمىزنىڭ جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش،
3. بېشىمىزنىڭ ئەڭ ئاز تۆتتە بىر قىسمىغا مەسھى قىلىش،
4. پۇتىمىزنى ئوشۇقىمىز بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

## غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى

1. ئاغزىمىزنى يۇيۇش،
2. بۇرنىمىزنى يۇيۇش،
3. پۈتۈن بەدىنىمىزنى يۇيۇش.

## تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى

1. نىيەت قىلىش،
2. قولىمىز بىلەن پاكىزە تۇپىغا ئىككى قېتىم ئۇرۇپ، بىرىنچى قېتىم يۈزىمىزگە، ئىككىنچى قېتىم بىلەكلىرىمىزگە مەسھى قىلىش (سىلاش).




ياندىكى جامى چىرتىيوژىنى تەھلىل قىلىڭ. جامەدىكى خىزمەتچىلەردىن بىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، چىرتىيوژدا رەقەم بىلەن ئىشارەت قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگىنىپ كېلىڭ.

## ناماز ئوقىغان كىشى...

- ✓ قەبىھ سۆز-ھەرىكەتلەردىن ئۇزاق تۇرىدۇ.
- ✓ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەكرار-تەكرار ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ.
- ✓ دائىم ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، ھەر بىر كۈن ئىچىدە ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ.
- ✓ تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق تازىلىققا رىئايە قىلىدۇ. پاكىزلىققا ئادەتلىنىدۇ. شۇنداقلا تاھارەت ئۇنىڭغا مەنىۋىي كۈچ-قۇۋۋەت قوشىدۇ.
- ✓ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ۋاقىتنى پىلانلاشنى ئۆگىنىدۇ.
- ✓ كۈندىلىك ئالدىراش ئىشلىرىدىن بىردەم بولسىمۇ ئايرىلىپ، مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا رەببى بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ خۇشاللىقىنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.
- ✓ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ: «**ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.**» (بەقەرە سۈرىسى، 153-ئايەت) دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ، بۇ سايىدا قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشىدۇ.
- ✓ ئوقىغان نامازلىرى بىلەن دىلى يورۇيدۇ. قەلبىدىكى نۇر ئېخىمۇ پارلايدۇ.
- ✓ بەدەن، تىل، ئەقىل، كۆڭۈل، زامان ۋە ماكان بىلەن قىلغىلى بولىدىغان بارلىق شۈكۈرلەرنى ئاللاھقا سۇنۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

2. باپ

# ناچار ئىشلاردىن يىراقلىشىشنى ئۆگىتىدىغان: روزا

«ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى.»

(بەقەرە سۈرىسى، 183-ئايەت)

رامىزان روزىسى ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. روزا — مۇكەللەف بولغان ئەر-ئايال مۇسۇلماننىڭ ساھۇر (زو ۋاقتى، سۇبھى) ۋاقتىدىن ئاخشام ئىپتار ۋاقتىغىچە يېيىش-ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ئاڭلىق ھالدا يىراق تۇرۇشىدۇر. روزىنى ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتىدە تۇتۇش كېرەك.

سەپەرگە چىققاندا ياكى ئاغرىپ قالغاندا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما قازا بولغان روزىنى كېيىن تولۇقلاپ تۇتۇش كېرەك. ساقايماس كېسىلى تۈپەيلى روزا تۇتالمايدىغان كىشىلەر تۇتالمىغان ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر فىدىيە بېرىشى لازىم. روزا تۇتالمىغانلارنىڭ كىشىلەر كۆرىدىغان يەرلەردە ئاشكارا يەپ-ئىچمەسلىكى روزىغا، روزىدارلارغا ۋە رامىزان ئېيىغا ھۆرمەت قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. روزا تۇتقان تۇرۇغلۇق بىرەر نەرسە يەپ-ئىچىش ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش روزىنى بۇزىدۇ (سۇندۇرىدۇ).



«روزا تۇتۇش»، «روزىنى ئېچىش» (ئىپتار قىلىش)، «روزىسىنى بۇزۇش» دېگەن نېمە؟ لۇغەتكە قاراپ مەنىسىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

**سۇبھى:** روزا تۇتۇشنى باشلاش ۋاقتىدۇر. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت بولۇپ، بامدات نامىزى ۋاقتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىدۇر.
**ئىپتار:** روزا تاماملانغان، قۇياش پاتقان ۋە شام نامىزى ۋاقتى كىرگەن چاغ.
**قازا:** سەپەرگە چىقىش ياكى كېسەللىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى روزا تۇتالمىغاندا، رامىزاندا قانچە كۈن روزا تۇتالمىغان بولسا، رامىزاندىن كېيىن خالىغان مۇۋاپىق چاغدا شۇنچە كۈنلۈك روزىنى تولۇقلاپ تۇتۇپ تاماملاش.
**فىدىيە:** روزىنى ۋاقتىدا تۇتالمىسا، بىرەر باھانە-سەۋەپ تۈپەيلى قازاسىنى كېيىن تولۇقلاپ تۇتۇشمۇ مۇمكىن بولمىسا، تۇتالمىغان ھەر بىر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن كىشى ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك تامىقىنى بىرەر يوقسۇلغا بېرىش ياكى بىر كۈنلۈك تاماققا چۈشلۇق پۇلنى يوقسۇلغا بېرىش.

## روزا تۇتقان كىشى...

- ✓ ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ: **«بەندەم روزىنى مەن ئۈچۈن تۇتىدۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزەم بېرىمەن»** دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. (بۇخارى: «ساۋم»، 9)
- ✓ نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىدىن ئۆزى خالاپ يىراق تۇرۇش ئارقىلىق، ئىرادىسىنى تاۋلاپ چېنىقتۇرىدۇ.
- ✓ ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنىڭ تەمىنى تېتىپ، بۇنىڭغا چىداش ۋە سەۋر-تاقەت قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«روزا سەۋر-تاقەتنىڭ يېرىمىدۇر.»** دېگەن. («تەرغىب ۋە تەرھىب»، 208/11)
- ✓ ئۆزىدىكى ھاۋايى-ھەۋەسنى تىزگىنلەيدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدا خاتىرجەملىكنى بۇزىدىغان پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.
- ✓ تىلىنى قەبىھ، يامان، ناچار سۆزلەردىن ساقلايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«بىرەيلەن سىلەرنى تىللىسا ياكى ئازار بەرسە، مەن روزىدارمەن دەڭلار.»** دېگەن. (مۇسلىم: «سىيام»، 163)
- ✓ ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەمبەغەل بولغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ.
- ✓ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ ۋە ئەجرىنى پەقەتلا ئاللاھتىن تاما قىلىپ روزا تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت (ئەپۇ) قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ھاياتىنىڭ قالغان قىسمى ئۈچۈن پاكىزە بىر بەت ئاچىدۇ، ئۆزىنى ناچار ئىشلاردىن، گۇناھلاردىن يىراق تۇتىدۇ.
- ✓ ئۇن بىر ئايدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش تەرتىپىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ياخشىلىققا ۋە گۈزەللىككە بۇرىيالايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

تۆۋەندە بىر كۈندىلىك خاتىرىدىن ئېلىنغان قىسقىچە مەزمۇن بار، ئۇيۇن ئوينىغاندەك ئوقۇيسىلەر، چۈنكى بەزى ھەرپلەر شىفىرلەندى، شىفىرنى يېشەلەمسىلەر قېنى، كۆرۈپ باقايلى:

# ئانىلار دەپتىرىدە بىر دانە گۈل يوپۇرمىقى

## 25 ـ دېكابىر

بۈگۈن ئۆيىمىزدە ئالاھىدە بىر ھاياجان بار ئىدى. ئانام ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئالدىراش ھالدا بازارغا ماڭدى. بوۋام موماملىدىن داۋاملىق قەھۋە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇراتتى. مومام ئۇنى «كۆپ ئىچمە!» دەپ ئاگاھلاندۇرغانسىرى، «غۇدىرىما! سەندىن ❁❖مى⌘❖ن ئېبى تۈگىگىچە قەھۋە تەلەپ قىلمايمەن!» دەيتتى. بوۋام قەھۋەسىز تۇرالمايتتى. قېنى گېپىدە تۇرالامدۇ-يوق، بىلمەيمەن. بۈگۈن ئاخشام بۇ يىلقى تۇنجى تى❁❖ۋۇ نامىزى ئوقۇلىدۇ، تۇنجى ⌘وغ❖ قوپىمىز.

ئانامغا بۇ يىل رامىزاندا باشتىن ئاخىرغىچە تولۇق ❁✵⌘❖ تۇتىدىغانلىقىمنى ئېيتتۇدىم، ئانام بەك خوش بولدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ، مەسجىدكە باردۇق. مەسجىدنىڭ ئىچى نامازغا كەلگەنلەر بىلەن لىق توشۇپ كەتكەن ئىدى. نامازدىن كېيىن مەسجىدتىن چىقىۋاتقان ئىنسانلارغا قارىدىم. جۇشقۇن ئادەم دېڭىزىنى كۆرۈپ ئاللاھقا شۈكۈر قىلدىم.

## 26 ـ دېكابىر

مەكتەپتە روزىدار ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قېلىپ، سۇ ئىچىپ ساپتىمەن. مومام روزامنىڭ سۇنۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ: «ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدىكەن، قارىغىنا سېنىڭ سۇسىزلىقىڭغا ياردەم قىپتۇ.» دەپ ئىزاھلىدى. «مەنمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىمەن!» دېدىم. قورسىقىم ئاچقانلىقىنى ئېيتتۇدىم، بوۋام: «بىر ئىش بىلەن ھەپىلەشكىن.» دېدى. ئىشىمغا بوۋامنىمۇ شېرىك قىلدىم، گېزىتتىكى رامىزانغا دائىر سۆز ئويۇنى تېپىشمىقىنى يەشتۇق. مەن سۇئاللارنى ئوقىدىم، بوۋام جاۋابلارنى ئوقىدى. بوۋام بەك كۆپ نەرسە بىلىدىكەن، جۇمۇ!

ئانام رامىزانغا ئاتاپ لەززەتلىك تائاملارنى، مەن ئامراق تاتلىق تۈرۈملەرنى تەييارلاپتۇ. نازۇ-نېمەتلەر قويۇلغان قاچىنى ئالدىمغا تارتىۋدىم، بوۋام: «ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىشى ئۈچۈن ئېيت❖❁ داستىخىنىدا ئەزاننى كۈتۈپ ئولتۇرۇش ياخشى بىر ۋاقىتتۇر» دەپ بېشىمنى سىلىدى. ن❖م❖⌘ش❖م ئە⌘ننىنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئاز ۋاقىت قالغان ئىدى. لېكىن بۇ ۋاقىت بەكلا ئاستا ئۆتىۋاتاتتى. ئەزان ئوقۇلۇشى بىلەن: «شۈكرى ئاللاھىم! بۇ ئەزان ئاۋازى قۇلىقىمغا بەك چىرايلىق ئاڭلاندى!» دېۋىدىم، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

## 3. باپ

# 1. ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن خەجلەش: زاكات

ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان زاكات مال بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجى ھەل بولغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن بىر يىل ۋاقىت ئۆتكەن مەلۇم مال-مۈلۈكنىڭ مۇئەييەن مىقدارى (ئادەتتە قىرىقتىن بىر قىسمى) يىلدا بىر قېتىم ھاجەتمەن كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىلىشى زاكات دەپ ئاتىلىدۇ. زاكات قۇرئاندا كۆپ يەردە ناماز بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىغان. دېمەك، زاكات مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا نامازغا ئوخشاش مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك: «... **ئاللاھ ماڭا ھاياتلا بولىدىكەنمەن، نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.»** (مەريەم سۈرىسى، 31-ئايەت)

زاكات بايلارنىڭ نامراتلارغا قىلغان بىر لۇتفى (ئىنئامى) ئەمەس، بەلكى نامراتنىڭ باينىڭ مېلىدىكى ھەققىدۇر. **«ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئېپپەتلىكلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى.»** (زارىيات سۈرىسى، 19-ئايەت) بايلار زاكات بەرگەندە ئالدىدىكى كىشىنىڭ (زاكات ئالغۇچىنىڭ) كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىشى لازىم. چۈنكى ياخشىلىق قىلغاندىن كېيىن مىننەت قىلىش شۇ ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنىڭ نۆلگە تەڭ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

زاكات قارىماققا مالنى كېمەيتىپ قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما زاكىتى بېرىلگەن مال ئاللاھنىڭ بەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن ئاۋۇپ كۆپىيىدۇ: **«ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 261-ئايەت)

**«ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن.»** (تەۋبە سۈرىسى، 103-ئايەت)

**«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار نامازلىرىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر.»** (مۇئمىنۇن سۈرىسى، 1-4-ئايەتلەر)

مال ئىگىسى، مۈلۈك ئىگىسى،
نەدە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى؟
مالمۇ يالغان، مۈلۈكمۇ يالغان،
كېتىپ سەنمۇ بىردەم ئالدان.

يۇنۇس ئەمرەنىڭ ياندىكى تۆت مىسرالىق شېئىرىنى زاكات نوقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ، قاراشلىرىڭلارنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن مۇھاكىمە قىلىڭلار.

## زاكات بەرگەن كىشى...

- ✓ بېخىللىق، پىخسىقلىق، شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق قاتارلىق خۇيلاردىن ئۆزىنى پاكىزلايدۇ.
- ✓ ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەر ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى كېرەكلىكىنى، شۈكۈر قىلىشنىڭ پەقەتلا سۆزدە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.
- ✓ بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ھەل قىلىشقا تۆھپە قوشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بايلار ئىلە كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىق تۇيغۇسى ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ مۇھەببەت پەيدا بولۇپ، جەمئىيەتتە ئىناق-ئىتتىپاق كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەسسە قوشىدۇ.
- ✓ جەمئىيەتتە تىلەمچىلىك، ئوغرىلىق ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىق نومۇسسىز، ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئازىيىشىغا ۋاستە بولىدۇ.
- ✓ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئىناق-ئىتتىپاقلىق روھى شەكىللىنىدۇ. بەدىنىنىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا، باشقا ئەزالىرىنىڭمۇ بۇنى ھېس قىلغىنىغا ئوخشاش، جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئېچىنىش ھېس قىلىپ، بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشىدۇ.
- ✓ ئۆزىنى قول ئىلكىدىكى مال-دۇنيانىڭ چۆرىسى بولۇپ قېلىشتىن قۇتقۇزىدۇ، قولىدىكى مالنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.
- ✓ بېرىش، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە پايدىلىنىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىر ئىنسان قېرىندىشىنىڭ دەردىگە داۋا بولۇش قاتارلىق ئەقەللىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئەخلاقى بىلەن يېتىشىپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان: **«بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ئۈستۈندۇر»** (بۇخارى: «نەفەقات»، 1) دېگەن خۇشخەۋەر بىلەن خۇشال بولىدۇ.



«سەدىقە بالا-قازانى يەيدۇ، تەۋبە گۇناھنى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن مۇھاكىمە قىلىڭلار.

# 2. مۇقەددەس سەپەر: ھەج

«...سەپەرگە چىقىشقا كۈچى يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى...»
(ئال-ئىمران سۈرىسى، 97-ئايەت)

ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان ھەج ھەم مال ھەم بەدەن بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. ھەج يىلنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا مەككىدىكى كەبىنى ۋە بەلگىلەنگەن مۇقەددەس يەرلەرنى زىيارەت قىلىشتۇر. ئىرقى، مىللىتى، رەڭگى، جىنسى، تىلى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە يېشى پەرقلىق ئىنسانلار بىر-بىرى بىلەن باراۋەر ھالدا يىلدا بىر قېتىم بىر يەرگە كېلىپ يىغىلىدىغان پۇرسەتتۇر.

ھەج سەپىرىدە مەككە شەھرىدىكى كەبە بىلەن بىرلىكتە سەفا، مەرۋە، ئەرافات، مۇزدەلىفە ۋە مىنا قاتارلىق يەرلەر زىيارەت قىلىنىدۇ.

ئەتراپىڭلاردىن ھەجگە بارغان بىرەيلەندىن قەيەرلەرنى زىيارەت قىلغانلىقىنى، ئۇ يەردە نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىنى سوراڭلار.

مەككە ئەتراپىدا **مىقات** دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەر **ھەرەم** رايونىنىڭ چېگرىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چېگرىغا كەلگەندە كىيىم-كېچەك، ئاياغ، پايپاقنى سېلىۋېتىپ، ئىككى پارچە ئاق رەخت بىلەن بەدەن يۆگىلىپ، ھەجگە نىيەت قىلىنىدۇ، **تەلبىيە** ئوقۇلىدۇ. بۇ **ئىھرامغا** كىرگەنلىك ۋە ھەج ئىبادىتىنى باشلىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەج ئايلىرىدا ھەجنىڭ باشقا ئىبادەتلىرى ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن ئادا قىلىنىدۇ. ھەجگە بېرىشنى نېسىپ قىلغان ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىشنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە قۇربانلىق قىلىنىدۇ ۋە ھەج تاماملىنىدۇ.

## ھەجنىڭ پەرزلىرى

**ئىھرام:** ھەج قىلىشقا نىيەتلىنىپ تەلبىيە ئېيتقان كىشىنىڭ نورمال چاغلاردا قىلالايدىغان گۈل ئۈزۈش، دەرەخ كېسىش، چاچ-ساقىلىنى ئېلىش، تىككىشى بار كىيىم كېيىش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق بەزى ئىشلاردىن ھەج مەزگىلىدە ئۇزاق تۇرۇشىدۇر.

**كەبىنى تاۋاپ قىلىش:** ھەجەرۇل-ئەسۋەد بار بولغان تەرەپتىن باشلاپ كەبىنىڭ ئەتراپىدا قائىدە بويىچە يەتتە قېتىم ئايلىنىشتۇر.

**ئەرافاتتا ۋەقفەدە تۇرۇش:** ھاجىلارنىڭ مەككىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئەرافاتقا كېلىپ، قۇربان ھېيتتىن بىر كۈن ئاۋۋال بۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرىشىدۇر.

### تەلبىيە

مەن ساڭا ئىتائەت قىلىمەن، ئاللاھىم! ئىتائەت قىلىمەن...
ساڭا ئىتائەت قىلىمەن، ئەي شېرىكى يوق ئاللاھىم!...
ھەمدۇ-سانا، ماختاش يالغۇز ساڭىلا خاستۇر...
مەندىكى نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭدۇر، ھەممە نەرسە سېنىڭكى....
سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر!

**قۇربانلىق قىلىش ئىبادىتى ھەم شەخس ھەمدە جەمئىيەتكە نىسبەتەن كۆپ پايدىلىق بولغان بىر ئىبادەتتۇر. قۇربانلىق قىلغان كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، جەمئىيەتتە قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق ئېڭىنى يۈكسەلدۈرۈشكە تۆھپە قوشىدۇ.**

## ھەجگە بارغان كىشى...

- ✓ ئاددىي كىيىم ئىچىدە، باشقا ھاجىلار بىلەن ئوخشاش شارائىتتا ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، باراۋەرلىك ئېڭىنى كۈچلەندۈرىدۇ.
- ✓ گەرچە بۆگۈن مەنسەپ، ئۇنۋان، مال-مۈلۈك قاتارلىق ماددىي قىممەتلەر بار بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئەتە يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئادالەت ئېڭى يۈكسىلىدۇ.
- ✓ ئىرق، مىللەت، رەڭ، جىنس، تىل، ياش ئايرىمىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋە مۇھىم ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئىسلام قېرىنداشلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق ئىنسانلار بىلەن تونۇشۇپ ھەمكارلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.
- ✓ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىنسانلار قىلغان ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغان مەھشەر كۈنىنى ئەسلەپ، ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.
- ✓ سەۋر-تاقەت، چىدام-غەيرەت، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش قاتارلىق گۈزەل خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرىدۇ.
- ✓ ئاللاھ بەرگەن سالامەتلىك، قابىلىيەت، مال-مۈلۈك قاتارلىق نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغان بولىدۇ.
- ✓ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ياشىغان يەرلەرنى كېزىپ كۆرۈپ، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن چاقىرىقتا تېخىمۇ جاراڭلىق ئاۋاز قوشىدىغان بولىدۇ.
- ✓ دىنىنىڭ شەخس بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەربىيە بولۇش بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تەربىيىنىمۇ بارلىقىنى بىلىپ، جەمئىيەت ئىچىدىكى ھوقۇق ۋەزىپىلىرىنى، مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

# سۆز ئويۇنى تېپىشماق

1. «بەش خىل مېۋە،\ تەگمەيتۇ بىر ـ بىرىگە،\ ئىككىسى كۆرۈنۈپتۇ كۈن، \ ئۈچى كۆرمەيتۇ كۈن.»
2. رامىزان ئېيىدىن ۋە ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن پايدىلانغانلىقىنىڭ تەشەككۈرى ۋە ئاللاھنىڭ بىزنى ياراتقانلىقىغا شۈكۈر قىلىش مەقسىتىدە رامىزان ئېيىدا، ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بېرىشكە تېگىشلىك سەدىقە.
3. پەرز بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىسمى.
4. نامازدا داۋاملىق تەكرارلىنىدىغان، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن سۆزنىڭ ئىسمى.
5. قۇرئانى ـ كەرىمدە بەزىدە زاكات بىلەن مەنىداش سۆز سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان، ئاللاھ يولىدىكى ھەر خىل پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان كەلىمە.
6. نامازنىڭ بىر قىيام، بىر رۇكۇ ۋە ئىككى سەجدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى.
7. پەيغەمبىرىمىز بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، سۈبھىدىن ئىلگىرى يېيىلىدىغان تاماق.
8. جۈمە نامىزىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى بولغان، چوقۇم ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش بىلەن باشلىنىدىغان، خوشخەۋەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىدىكى جۈملىلەر ئىشلىتىلىدىغان، مۆمىنلەرگە قارىتىلغان بايانات.
9. سۇ تاپالمىغاندا ياكى سۇ ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، تاھارەت ۋە غۇسۇلنىڭ ئورنىدا، قولنى تۇپىغا تەككۈزۈپ يۈزى ۋە بىلەكلىرىنى سىلاش ئارقىلىق قىلىنىدىغان سىمۋول خاراكتېرلىق تازىلىق.
10. تەڭ كېچىدە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئوقۇيدىغان ئىككى، تۆت ياكى سەككىز رەكئەتلىك ناماز.
11. خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بامدات نامىزى ۋاقتىغىچە ئوقۇغىلى بولىدىغان، ئۈچىنچى رەكئەتتە قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇلىدىغان ئۈچ رەكئەتلىك ناماز.
12. خۇپتەن نامىزى بىلەن ۋىتىر نامىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوقۇلىدىغان، رامىزانغا خاس بولغان ناماز.
13. رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلانغان، مىڭ ئايدىنمۇ بەك خەيرلىك (پەزىلەتلىك) بولغان كېچە.
14. پەرز نامازلارنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى مۆمىنلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بامدات، پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋاقىتلىرىدا كۈندە بەش قېتىم تەكرارلىنىدىغان ئالاھىدە سۆزلەر، نامازغا چاقىرىش سۆزى.
15. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى خالىس خەجلەش، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىش؛ زاكاتنى، پىتىر سەدىقىسىنى ۋە خالىسانە قىلىنغان ھەر خىل خەير ـ ساخاۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇم.
16. پەرز نامازلاردا ئەزان ئارقىلىق ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكى ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن، پەرز نامازلارنى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانلىقنى خەۋەر قىلىپ ئوقۇلىدىغان «قەد قامەتىس ـ سالاھ» (ناماز باشلاندى) جۈملىسى قوشۇلىشىدىن سىرت، سۆزلىرى ئەزاننىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان چاقىرىق.
17. «بىر كۈن بار، بىلىمىز،\ بەك سۆيىمىز ھەممىمىز،\ گۈمبۈر ـ گۈمبۈر كېلىدۇ،\ ھارپىسىدىن بىلىمىز.»
18. نامازنى ھەممەيلەن بىرلىكتە بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلاردىن يىغىلغان كۆپ كىشى.
19. پەرزى ئېغىزغا سۇ ئېلىش، بۇرنىنى چايقاش ۋە پۈتۈن بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇش بولغان تازىلىق ئۇسۇلى، بوي تەرەت.
20. جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى كىشى.

# ئەخلاق

## ئىزدەن ـ تەتقىق قىل ـ ئويلان!

1. **ئەخلاق، پەزىلەت، ئېسىل، ئالىيجاناپ، خۇي** دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن ئىزدەپ تېپىڭلار.

2. گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنى ئۆزىمىزنىڭ پرىنسىپىمىز قىلساق، نېمىلەرنى قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ؟

3. بىر مەشھۇر كىشىنىڭ هايات هېكايىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆرنەك ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا تونۇشتۇرۇڭلار.

4. سىلەرگە يارايدىغان ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى ئىش ـ هەرىكىتىڭلارنى ئويلاپ، بۇنىڭ سىلەرگە كەلتۈرگەن پايدىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

5. ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە قارىتا ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىنى بىلىدىغان بىر مۇسۇلمان نېمىلەرنى قىلىدۇ؟

6. پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «بارلىق باللار مۇسۇلمان پېتى دۇنياغا كېلىدۇ» (مۇسلىم: «قەدەر»، 25) دېگەن سۆزىدىن نېمىلەرنى چۈشەندىڭلار؟

7. ئەترابىڭلاردىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئۇلاردا قانداق تەسىرات پەيدا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭلار.

8. جەمىيەتكە ۋە بارلىق ئىنسانلارغا قارىتا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى هېس قىلغان بىر مۇسۇلمان قانداق ئىشلارنى قىلىدۇ؟

9. پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ «ۋىدالىشش خۇتبىسى»نى ئوقۇپ، ئەخلاقى نەسىهەتلەرنى تېپىپ چىقىڭلار.

10. بىر دوستۇڭلارغا گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ پايدىلىرىنى قانداق چۈشەندۈرۈسلەر؟

11. «دىن كۈلتۈرى ۋە ئەخلاق بىلىمى» دەرسلىك كىتابىڭلاردىن ياكى تۈركىيە دىيانەت كومىتېتى نەشر قىلغان تۆۋەندىكى كىتابلاردىن ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئوقۇڭلار:

ئا. **«ئىسلام ئەخلاقى ۋە مەنىۋىي ۋەزىپىلەر»**، ئىبراهىم ئاغاه چۇبۇقچۇ.

ئە. **«ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى»**، زارىفە جانان.

ب. **«ئايەت، هەدىسلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا سۆيگۈ ۋە دوستلۇق»**، ئىسمائىل قاراگۆز.

ت. **«ئۆرنەك شەخس پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە كەڭ قورساقلىق»**، ياشار يىگىت.

## ھاياتنىڭ ئەكسساداسى

بىر ئادەم ئوغلى بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئوغۇل تۇيۇقسىز يەرگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. «ۋايجان!» دەپ توۋلىدى. ئالدى تەرەپتىكى تاغنىڭ چۇققىسىدىنمۇ «ۋايجان!» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئوغۇل قىزىققىسىنىپ: «سەن كىم؟» دەپ سورىدى. «سەن كىم؟» دېگەن ئىنكاسنى ئالدى. ئوغۇلنىڭ ئەمدى ئاچچىقى كەلگەن ئىدى: «سەن بىر قورقۇنچاق!» دەپ ۋاقىرىدى. تاغدىن كەلگەن سادا: «سەن بىر قورقۇنچاق!» بولدى. ئوغۇل دادىسىغا قارىدى: «دادا، زادى نېمە ئىش بولدى بۇ؟» دادىسى تاغقا قاراپ: «ساڭا ھەيرانمەن!» دەپ توۋلىدى. كەلگەن سادا: «ساڭا ھەيرانمەن!» بولدى. دادىسى تەكرار توۋلىدى: «سەن ھەيۋەتلىكسەن!» كەلگەن سادا: «سەن ھەيۋەتلىكسەن!» ئوغلى بەكلا ھەيران بولدى، ئەمما زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېخىچە ئاڭقىرالمايۋاتاتتى. دادىسى چۈشەندۈردى: «بۇنى ئەكس سادا دەيمىز. ئەسلىدە بۇ ھايات مانا مۇشۇنداقتۇر. ھايات دائىما سەن ئۇنىڭغا بەرگەننى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.»

ئىنسانلار بىر-بىرىنىڭ ئەينىكىدۇر. ھاياتىمىزنى ۋە مۇناسىۋەت ئۇسۇلىمىزنى بەلگىلىگەن نەرسە بىر-بىرىمىزگە بولغان مۇئامىلىمىزدۇر. بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلساق، بىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. سۆيگۈ-مۇھەببەت تاما قىلساق، مۇھەببەت بىلەن؛ شەپقەت تەلەپ قىلساق، شەپقەت بىلەن؛ ھۆرمەت كۈتسەك، ھۆرمەت بىلەن... قانداق مۇئامىلىگە ئۇچراشنى خالىساق، شۇنى قىلىشىمىز كېرەك. دۈشمەنلىككە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن دۈشمەنلىكتىن، شەخسىيەتچىگە دۇچ كەلمەسلىك ئۈچۈن شەخسىيەتچىلىكتىن، ناھەقچىلىققا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ناھەقچىلىقتىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك.

**سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئارزۇ قىلغاننى قېرىنداشلىرىڭلار ئۈچۈنمۇ ئارزۇ قىلمىغۇچە ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتقان ھېسابلانمايسىلەر.»**
(بۇخارى: «ئىمان»، 7)

**ئالتۇن قائىدە: ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلساڭ، سەنمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىل!**

# 1. باپ

## 1. ئىسلام گۈزەل ئەخلاقتۇر

گۈزەل ئەخلاق ــ توغرا پرىنسىپلارنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدە نامايەن بولۇشى، توغرا ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ئادەتكە ئايلىنىشىدۇر. ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى ۋە كامالەتكە يېتىشىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«مەن گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.»** دېگەن. (مۇۋاتتا: «ھۇسنۇل-خۇلق»، 8)

بىر مۇسۇلماننىڭ قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۈزەل ئەخلاقلىق بولغانلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. **«ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلەر كىملەر؟»** دەپ سورىغانلارغا: **«ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلار»** دەپ جاۋاب بەرگەن. («تەرغىب ۋە تەرھىب»، 4\182)

ئىسلام دىنى ئىمان ۋە ئىبادەت ئاساسلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ناچار ئەخلاق ۋە قەبىھ ئادەتلەردىن قۇتۇلۇپ، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئالدىنقى باپلاردا ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان، ھەجگە بارىدىغان ۋە زاكاتنى بېرىدىغان بىر كىشىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن گۈزەل خىسلەتلىرىنى كۆردۇق. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كىشىنىڭ ئىمانى ۋە ئىبادەتلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ يولى گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق بولىدۇ.

ئىمان ۋە ئىبادەت ئاساسلىرىنى قۇرئانى-كەرىمدىن ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدىن ئۆگەنگىنىمىزدەك، نېمىنىڭ ياخشى، گۈزەل ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكى، نېمىنىڭ خاتا، ناچار ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنىمۇ مۇشۇ مەنبەلەردىن ئۆگىنىمىز. گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش

**«ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.»**
(لوقمان سۈرىسى، 22-ئايەت)

ئۇچۇن ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇپ، چەكلىگەنلىرىدىن يىراق تۇرىمىز. بۇ ئەمر-پەرمانلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەنسەك، خۇي مىجەزىمىزمۇ ياخشىلىنىپ، ناچار ئادەتلەردىن قول ئۈزەلەيمىز. مەسىلەن: ئادىل بولۇشقا تىرىشىۋاتقان بىر كىشى باشقىلارنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسىغا، دوست-بۇرادەرلىرىگە، ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە ۋە چوڭلارغا، ئاللاھ ياراتقان ھەر مەخلۇققا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئاللاھقا بولغان ھۆرمەت ئۇنىڭ ئېسىگە مەسئۇلىيەتلىرىنى كەلتۈرىدۇ.

قانىتى سۇنۇپ كەتكەن بىر قۇشقا، بىر بۇرجەكتە يىغلاپ ئولتۇرغان بالىغا، ئۆزىدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلارغا قارىتا مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىدۇ. شەخسىيەتچىلىكتىن يىراقلىشىدۇ. پىداكار بولۇشقا باشلايدۇ. ئەتراپىدىكىلەرگە مەرھەمەت بىلەن كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىدىغان بولىدۇ. قول ئىلكىدىكى نېمەتلەر ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ. شۈكرى ئىمانىنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئىمانى جاسارىتىنى...

ناھەقچىلىق ۋە زۇلۇمغا قارشى جەسۇرانە كۈرەش قىلىدىغان بولىدۇ، كۈرەش قىلغانسىرى غەيرەت شىجائىتى، ئىرادىسى كۈچىيىدۇ. سەۋر-تاقەت ئۇنى غەزەپ-نەپرەتتىن يىراق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يامانلىقنى ياخشىلىق ئارقىلىق توسۇشنى ئۆگىنىدۇ. سۆزىدە تۇرمايدىغان دوستىغا ئۆزى سۆزىدە تۇرۇش ئارقىلىق ئۆرنەك بولىدۇ.

سۆزىگە ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىدۇ، سەمىمى دوستلىرى بولىدۇ. دوستلۇق ئۇنى چىدىماسلىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ، ۋاپادار بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. ئۆزىگە ۋە جەمىيەتكە تۆھپە قوشقانلارغا ۋاپا قىلىدۇ. ئەمگەكنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىدۇ. ھېچكىمنى ۋە ھېچبىر نەرسىنى خار كۆرمەيدۇ. ئاللاھ ياراتقان ھەر نەرسىدە بىر گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ھاياتقا ياخشى كۆزدە قارايدىغان بولىدۇ، خۇشال-خوراملىققا ئېرىشىدۇ. دوستلىرى بىلەن خۇشال سالاملىشىدۇ، خۇشاللىقىدىن ئەتراپىدىكىلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

**«كىچىكلەرگە مېھرى-شەپقەت قىلمىغان، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلمىغانلار (چوڭلارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر) بىزدىن ئەمەستۇر.»** (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 58)

# 2. ئەخلاقنىڭ مەنبەسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ دىگەنلىرىنى ئەڭ ياخشى ئورۇندىغان بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى بىزنىڭ قانداق ياشىشىمىز كېرەكلىكىگە ھەققىدە بىزگە ئەڭ توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن ئۆزىمىزگە بىر ئۆرنەك تېپىپ، ھاياتىمىزنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەكىللەندۈرەلەيمىز.

ئۇ قايسى ئەھۋالدا قانداق ئىش قىلغان ئىدى؟ ئۇنىڭ ھاياتىنى بىلگەنسىرى سىلەرگە قانداق يول كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ بايقايسىلەر. ئۆزەڭلارنىڭ ھاياتىڭلاردا ئۇچرىغان ئەھۋاللاردا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىلەرگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىغا دائىر بىر قانچە مىسال تۆۋەندىكىچە:

- ✓ باي بولغان چېغىڭدا پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ تىجارەت قىلغانلىقىنى، كارۋانلارنى ئەكىلىپ، يولغا سېلىپ تۇرغان چاغلاردىكى مەرتىلىكىنى ئويلا.
- ✓ كەمبەغەل، نامرات بولغان چېغىڭدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەتىنىنى ۋە بارلىق مال-مۈلكىنى تاشلاپ، مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان چاغدىكى سەۋرى-تاقىتىنى ئويلا.
- ✓ سىنىپ باشلىقى بولغان چېغىڭدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا شۇ چاغدىكى كاتتىلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان چاغدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارغا قانداق ئادىل مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئويلا.

**«سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.»**

(ئەھزاپ سۈرىسى، 21-ئايەت)

- ئۆزەڭنى ئاجىز ۋە يېتىم ھېس قىلغان چېغىڭدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدە بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى، قىيىنچىلىق ۋە ئەزىيەتلەرنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر.
- بىر ئىشتا غەلىبە قىلغان چېغىڭدا پەيغەمبىرىمىز بەدىر، ھۇنەيىن ۋە مەككىدە دۈشمەنگە غالىب كەلگەن كۈنلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن ساۋاق ئال.
- مەغلۇپ بولغان چېغىڭدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان، يارىلانغان ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆڭلى يېرىم ھالدا كېتىۋاتقانلىقىنى، لېكىن يەنىلا ئۈمىدسىز بولمىغانلىقىنى ئويلا.
- بىرىگە بىر نەرسە ئۆگىتىۋاتقان بولساڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدتە ساھابىلىرىگە قانداق مۇئەللىملىك قىلغانلىقىنى ئويلا.
- بىرەيلەندىن بىر نەرسە ئۆگىنىۋاتقان بولساڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا قانداق يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئىلاھىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئويلا.
- ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمىغان ئەھۋالدا ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى، ياخشى ئىشنى ئومۇملاشتۇرماقچى بولساڭ، مەككىدىكى ئاجىز ئەھۋالغا قارىماستىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدە ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئويلا.
- بىرەر پائالىيەت ياكى مۇسابىقىدە باھالىغۇچى ياكى ھۆكۈم قىلغۇچى بولساڭ، ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى قۇرەيش چوڭلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ تۇرغاندا ھەجەرۇل-ئەسۋەدنى يېرىگە قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانداق ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى ئويلاپ باق.




ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە قارىتا قانداق مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئويلاڭلار. مۇشۇ مەزمۇننى چۆرىدىگەن ئاساستا ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە شۇ ھەرپ بىلەن باشلانغان بىر جۈملە سۆزلىسۇن.

مەسىلەن:

[ئا] ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىلىرىدىندۇر.

[ئە] ئەمگەك قىلىپ ئائىلىسىنى بېقىش شەرەپلىكتۇر.

[ب] بالىلارغا مېھرى-شەپقەت قىلىش مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىلىرىدىندۇر.

نۆۋەت كەلگەندە مۇۋاپىق بىر جۈملە تۈزەلمىگەنلەر ئويۇننىڭ سىرتىدا قالسۇن.

# 2. باپ

## ئۆزىمىز ۋە ئائىلىمىزگە قارىتا مەسئۇلىيىتىمىز

ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، ئاشكارا-يوشۇرۇن ھەممىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان بىزلەر گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكىتىمىزنى بۇنىڭغا قاراپ تۈزەيمىز. بۇ ئېتىقاد ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولۇشقا، ۋەزىپىسىنى جايىدا ئورۇنداشقا ئۈندەيدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتچانلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ ئالدىدا، باشقا ئىنسانلار ئالدىدا ھەمدە پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئالدىدا مەسئۇلىيىتىمىز بولغىنىدەك، ئۆزىمىز ۋە ئائىلىمىزگە قارىتامۇ مەسئۇلىيىتىمىز باردۇر. ئىنسان باشقىلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆزىگە قارىتا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

«ئاللاھ سېنى بۇيرىغاندەك توغرا يولدا بولغىن.» (ھۇد سۈرىسى، 112-ئايەت)

«...ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار...» (بەقەرە سۈرىسى، 195-ئايەت)

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (غودۇرىمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن.»
(ئىسرا سۈرىسى، 23-24-ئايەت)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«بارلىق باللار مۇسۇلمان پىتى دۇنياغا كېلىدۇ»** دېگەن. يارىتىلىشىمىزدىكى سەبىيلىك ۋە پاكلىقنى ساقلاش بولسا، ئۆزىمىزگە قارىتا مەسئۇلىيەتلىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر. ئىمان ئېيتىش ئىنساننىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىدۇر. ئىنسان پەقەت ئىمان ئېيتىش ئارقىلىقلا خاتىرجەم بولىدۇ. پەقەت ياخشى ئىش ۋە گۈزەل سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىقلا ۋىجدانى راھەتلىنىدۇ.

ئىنسان ئەقلىنىڭ ۋە زېھنىنىڭ بىلىمگە ئېھتىياجى بار. بىلىم پەقەت ئىمان بىلەن بىرلەشكەن چاغدىلا ئىنساننى ھەر خىل ناچار، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلاپ قالىدۇ.

ئىنسانغا بېرىلگەن ئىنتايىن مۇھىم بىر نېمەت — بىلىم ئۆگىنەلەيدىغان قابىلىيەتتۇر. بۇ قابىلىيەتنى ئىشلەتمىگەن ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە زېھنىگە زۇلۇم سالغاندەك، ئاللاھ بەرگەن بۇ نېمەتكىمۇ شۈكۈر قىلمىغان بولىدۇ.

ئىنسان بىلىم ۋە ئىمان ئىگىسى بولغاندا ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئىبادەتلەر ئاللاھقا قىلىنىدىغان ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى بولغىنىدەك، كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىنىڭمۇ شەرتىدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنى ئارمان قىلغان ئىنساننىڭ ئۆزىگە قارىتا مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشىدۇر.

ئىنسان بۇ بارلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، تەن سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. بەدىنىمىز ۋە سالامەتلىكىمىز ئاللاھ بىزگە بەرگەن بىر ئامانەتتۇر. ھەممىمىز بۇ ئامانەتنى قوغداشقا مەسئۇلمىز. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«سېنىڭ بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار»** دېگەن. («تاج»، 2\100)

ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا قارىتا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. بۇ كىشلەرنىڭ بېشىدا ئاتا-ئانا كېلىدۇ. ئاتا-ئانىمىزنى گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزدە قەتئىي رەنجىتمەسلىك، ئۇلارغا ھەر دائىم خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن تاتلىق گەپ، ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ قانداق ئارزۇسى بولسا بىجانىدىل ئورۇنلاشقا تىرىشىش مەسئۇلىيىتىمىز بار.

**«ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل بولسا ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز بىلەن ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتۇر.»**

(تىرمىزى: «سالات»، 127\176)

# ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە قارىتا ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن بىر مۇسۇلمان...

- ✓ قىلغان ئىشىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قىلىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئاللاھقا ۋە ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا ھېساب بېرىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ.
- ✓ ئۆزىگە ئۆگىتىلگەننى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ، بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلىدۇ.
- ✓ پەقەت باشقىلارغا قارىتالا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە قارىتامۇ دۇرۇستتۇر.
- ✓ رىزقى مول، كەڭرى بولغاندا شۈكۈر قىلىدۇ، يوقسۇل كەمبەغەل بولۇپ قالغاندا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيدۇ. ھەر ئىشتا ئۆزىگە بىر ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ.
- ✓ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا مەسئۇل ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. مەسئۇل بولغان ئىشلارنى جايىدا ئادا قىلالماسمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلمايدۇ. چۈنكى: **«ئاللاھ ئىنسانىنى پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 286ـ ئايەت)
- ✓ ياخشى يامان بارلىق ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئائىلە ئىچىدىكى مەسئۇلىيىتىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويمايدۇ.
- ✓ شەخسىيەتچىلىكتىن ئۇزاقلىشىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىغا قارىتا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە يېقىنلىقى كۈچىيىدۇ، بۇنىڭ مۇناسىۋەتلەرگە ئىجابىي تەسىر قوشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.
- ✓ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىنى ئۈلگە قىلىدۇ. ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن ئۆگەنگەنلىرى بويىچە ياخشىلايدۇ.
- ✓ قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئاجىزلىق قىلمايدۇ، يېڭىشكە تىرىشىدۇ.
- ✓ جاھىل نادانلارچە قىلىنغان ھەرىكەتنىڭ جاسارەت ئەمەسلىكى، بەلكى قارا قورساقلىق ۋە ئۆزىنى ئۆزى بىلەلمەسلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.
- ✓ ھەر زامان توغرا ئىش قىلىشقا تىرىشىدۇ.

> **ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىدەك بىر كەسپكە ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. دوختۇر، بۇغالتىر، مۇئەللىم، دىنىي زات، ئىمام، ئۇچقۇچى، بىناكار، ئاشپەز... ۋاھاكازالار. خىزمىتىڭىزنى قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.**

**تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى مۇھاكىمە قىلىڭلار:**

- بەدىنىمىزدىكى ئورگانلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئويلاپ باقايلى. ئورگانلىرىمىزدىن بىرى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىسا (كارغا كەلمىسە)، بەدىنىمىزدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟
- ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قانداق مەسئۇلىيىتى بار؟ ئادا قىلمىسا قانداق بولىدۇ؟

✓ ھەر قانداق ۋاقىتتا باشقىلارغا قارشى ساختىپەزلىك قىلمايدۇ، دۇرۇست بولىدۇ.

✓ ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، بېخىل، پىخسىقلىقمۇ قىلمايدۇ.

✓ چوڭلارغا ۋە كىچىكلەرگە شەپقەتلىك، سەۋرى ـ تاقەتلىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

✓ كۆڭۈلسىز ۋەقەلەردە ئۆزىنى دەرھال ئاچچىقلىنىشتىن تۇتىۋالالايدۇ. ۋەقەلەر ئالدىدا تەمكىن، سالماق بولۇپ، ئالدىرىماي مۇئامىلە قىلىدۇ. غايىلىك ۋە ئۈمىدۋار بولىدۇ.

✓ تۇرمۇشنى ئاللاھ بەلگىلىگەن ئۆلچەملەر بويىچە تەرتىپكە سېلىپ، دىققەت بىلەن خاتىرجەم ھالدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ.

✓ قېرىنداشلىرىغا ياكى باشقىلارغا چىدىماسلىق قىلمايدۇ، ھەممە كىشىگە كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىدۇ.

✓ بارلىق گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۇنىڭ سەمىمىلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە بەزى سۆز ـ ھەرىكەت مىساللىرى بېرىلگەن. ياخشى بىر مۇسۇلمان قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش ـ ھەركەتلەرگە ت (توغرا)، قىلماسلىقى تېگىشلىك بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە خ (خاتا) دەپ يېزىڭ.

( ) ئوغرىلىق قىلمايدۇ.
( ) سۆز توشۇيدۇ، بىھۇدە پاراڭ، غەيۋەت قىلىدۇ.
( ) قىمار ئوينىمايدۇ.
( ) شەخسىيەتچى، ھەمىشە ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلايدۇ.
( ) ئەتراپىدىكى ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىدۇ.
( ) باشقىلارنىڭ مېلىنى ئىگىسىدىن سورىمايلا ئىشلىتىۋېرىدۇ.
( ) ئۆز مەنپەئەتىنىلا قوغدايدۇ، باشقىلارنىڭكى بىلەن كارى يوق.
( ) ئۆزگە زىيانلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچمەيدۇ.
( ) ئۆزگە ئامانەت قىلىنغان مالنى ئاسرىمايدۇ.
( ) باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەپ سېلىشتىن ئۇزاق تۇرىدۇ، ھېچكىمگە ناھەقچىلىق قىلمايدۇ.
( ) ھارام يېمەيدۇ، ھالال كىرىم ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

( ) ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ.
( ) تارازىدا كەم تارتىپ بېرىدۇ.
( ) يېتىم ۋە ئىگە ـ چاقىسىزلارنى قوغدايدۇ.
( ) سەۋرى ـ تاقەتسىز، ئالدىراڭغۇ.
( ) ئالدىدىكى كىشىنى ئالدايدۇ.
( ) زىنا قىلمايدۇ.
( ) خوشچىراي، ھېچكىمگە ھاقارەت قىلمايدۇ.
( ) پارا يەيدۇ، پارا بېرىدۇ.
( ) قەرز ئالسا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.
( ) قىلغان ياخشى ئىشىغا مىننەت قىلىدۇ.
( ) ھەر شەيئىگە قارىتا ئىنساپلىق ۋە مېھرى-شەپقەتلىكتۇر.
( ) يالغان گەپ قىلمايدۇ.

## 3. باپ

# ئەترابىمىزدىكىلەر ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيىتىمىز

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ئۈچۈن ھەقىقەتنى دىققەت بىلەن قوغداڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن. ئادىل بولۇڭلار. بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر.»
(مائىدە سۈرىسى، 8-ئايەت)

ئىسلام ئەخلاقى ھەر ئىنساننىڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ياشاش، ھالال يولدىن پۇل تېپىپ باي بولۇش، كىشىلىك ئىززىتىنىڭ ھۆرمەتلىنىش، باشقا ئىنسانلار بىلەن باراۋەر مۇئامىلىگە ئۇچراش، شەخسىي تۇرمۇشىغا باشقىلارنىڭ ئارىلاشماسلىقى، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى قاتارلىق ھەققى بار.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئەڭ ياخشى ئىنسان قانداق ئىنساندۇر؟» دەپ سورالدى. پەيغەمبىرىمىز: «ئىنسانلارغا ئەڭ پايدىلىق بولغان ئىنسان» دەپ جاۋاب بەردى.
(«جامىئۇس-ساغىر»، 47\9)

مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ۋە باشقا بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار قېرىنداش دېگەن ئاڭ بىلەن بىر-بىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى، يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشنى ۋە دۇچ كەلگەن مۇشەققەتلەردە ياردەملىشىشنى مەسئۇلىيەت دەپ بىلىدۇ. قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىكىدىن ياردەمگە كېلىپ، ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن كۆيۈنۈپ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ. ئۆزگە باشقىلار يامانلىق قىلسا، ئەپۇ قىلىدۇ. ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. ئاشۇنداق يامانلىققا يەنە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن دىققەت قىلىشقا، ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چارە-تەدبىرلىك بولۇشقا سەل قارىمايدۇ.

## «ئىچى تېشى بىر بولۇش» دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟ چۈشەندۈرۈڭلار.

«ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ،
ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.»
(بەقەرە سۈرىسى، 9-ئايەت)

«ئۆزىنى ئۆزى ئالداش» دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟ چۈشەندۈرۈڭلار.

مۇسۇلمانلار يەنە ھەمىشە نازاكەت بىلەن سىلىق-سىپايە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىنسانلار بىلەن ئۇچراشقاندا سالاملىشىدۇ، چىرايلىق گەپلىشىدۇ. ھاجەتمەن بىرەيلەننى كۆرگەندە باشقىلار ياردەم قىلسۇن دەپ قاراپ تۇرماي، دەرھال ئۆزى بېرىپ ياردەم قىلىدۇ. ئەتراپىدا ئىجابىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغان كۆچ-قۇۋۋەتنى ھەر زامان ئۆزىدە كۆرىدۇ. ئىززەت-ھۆرمىتى، شان-شەرىپى، ئېتىقادى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىنغان ھامان، قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دەرھال كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلالايدۇ. ناھەقچىلىق كىمگە قارىتا قىلىنغان بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ، كۆز يۇمىايدۇ. ناھەقچىلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەققىنى قوغدايدۇ. ھالال يولدىن ئىشلەپ كىرىم قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تىجارەتتە راستچىللىقتىن، دۇرۇستلۇقتىن ئايرىلمىغان تىجارەتچى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەستىن چىقارمايدۇ. (تىرمىزى: «بۇيۇ»، 4) باي-كەمبەغەل، كۈچلۈك-ئاجىز دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، ھەممەيلەنگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. كۈچلۈكنىڭ ھەقلىق ئەمەس، ھەقلىقنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. قول ئىلكىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋاقىتلىق ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۆزى ياردەم قىلغان كىشىلەرنى ئۆزىگە قەرزدار دەپ ئويلىمايدۇ.

«ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»
(بەقەرە سۈرىسى، 153-ئايەت)

# ئەتراپىدىكىلەر ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يەتكەن بىر مۇسۇلمان...

«ئى مۆمىنلەر! ئۆز ئۆيۈڭلاردىن باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشتە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۆشتۈمتۈت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر.»
(نۇر سۈرىسى، 27ـ ئايەت)

«(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۆخەنچىگە ۋاي! ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) توختىماي ساندى.»
(ھۈمەزە سۈرىسى، 1ـ2ـ ئايەتلەر)

- ✓ پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدۇ.
- ✓ دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەل ـ ئاغىينىلىرىگە ۋاپا قىلىدۇ.
- ✓ ئۆزگە بىر سىر ئېيتىلسا، سىرنى ساقلىيالايدۇ. باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، چات كىرىۋالمايدۇ.
- ✓ باشقىلارنىڭ كەينىدە يامان گېپىنى قىلمايدۇ، ناچار گۇمان قىلمايدۇ.
- ✓ باشقىلارنى زاڭلىق قىلمايدۇ. قارشى تەرىپىدىكى كىشىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.
- ✓ غەزەپلەنگەن چېغىدا ئاچچىقىغا ھاي بېرەلەيدۇ، ئۆزىنى كونترول قىلالايدۇ. كېيىن پۇشايمانغا قويىدىغان ئىشنى قىلماسلىققا تىرىشىدۇ.
- ✓ چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، ھەممە كىشىگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.
- ✓ زاكات، پىتىر سەدىقىسى قاتارلىق ماددى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىپلا قالماستىن، كۆڭۈلسىرەشنىڭمۇ بىر سەدىقە (ياردەملىشىش، تەڭ بەھرىمەن بولۇش) ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

- ھەقىقىي ياردەملىشىشنىڭ پەقەتلا ياخشى ئىشلاردا ياردەملىشىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. خاتا، ناچار ئىش قىلغۇچىلارغا بولسا، ئۇلارنى يامان ئىشتىن توسۇش شەكلىدە ياردەم قىلىدۇ.
- ئۆزىدىن ياردەم سورىغانلارغا قارىتا: **«ياردەم تىلىگۈچىگە ھەرگىز قوپاللىق قىلما!»** (زۇھا سۈرىسى، 10 ـ ئايەت) ئايىتى بويىچە قەتئىي قاتتىق مۇئامىلە قىلمايدۇ.
- بېرىش بىلەن ئۆزىدە بىر نەرسىنىڭ كەملەپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىگىدارچىلىقىدىكى مۈلۈكلەردىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغاندا، ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ تېخىمۇ بەرىكەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.
- بىرەيلەنگە ياردەم قىلماقچى بولغىنىدا رەببىنىڭ: **«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلارنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمىغۇچە ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر. نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.»** (ئال ـ ئىمران سۈرىسى، 92 ـ ئايەت) دېگەنلىكىنى ئەسكە ئالىدۇ. ئۆزى ياراتمايدىغان ياكى تاشلىۋەتمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئەمەس، ئۆزى ئامراق ۋە چىرايلىق نەرسىلىرىدىن بېرىدۇ.
- ياردەم قىلسا، خوشچىراي بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قىلىدۇ. غودۇراپ مىننەت قىلمايدۇ.
- ياردەمنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلمايدۇ. شۇنداق قىلىدۇكى، ئوڭ قولىدا بەرگەننى، سول قولى تۇيمايدۇ.
- قول ئاستىدىكى كىشىلەر ۋە خىزمەتداشلىرىغا ئىنساپ، مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.
- ھېچقانداق كىشىگە ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىق قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.
- تەرەپبازلىق، گۇرۇھۋازلىق قىلمايدۇ. ناھەق ئىش قىلغۇچى ئەڭ يېقىنى بولغان تەقدىردىمۇ ھەقلىق تەرەپتە تۇرۇپ، ناھەقچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

**«ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.»**
(نىسا سۈرىسى، 29 ـ ئايەت)

**«پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.»**
(ئەھقاف سۈرىسى، 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر)

- ✓ ئاللاھنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.
- ✓ ھېچكىمنى ئالدىمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئالدىغۇچى، زىيان سالغۇچى ياكى ساختىپەزلىك قىلغۇچى ھىيلىگەر بىزدىن ئەمەستۇر.»** دېگەن. («كەنزۇل-ئۇممال»، 7825)
- ✓ قىلغان سۆزىگە ئەمەل قىلىدۇ، ئەسلا يالغان گەپ قىلمايدۇ.
- ✓ خوشنىسى ئاچ ھالدا تۇرسا، ئۆزى توق ئۇخلىمايدۇ.
- ✓ كېسەللەرنى يوقلايدۇ.
- ✓ يېتىملەرنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ.

**باھالاش سوئاللىرى:**

1. مەسئۇلىيەتنى ھەممە كىشى باشقىسىغا ئىتتىرىپ قويىدىغان بىرەر ۋەقەنى كۆردۈڭلارمۇ؟ قانداق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى؟
2. ئەتراپىڭلاردا «مېنىڭ نېمە كارىم؟ باشقىلار قىلسۇن» دېمەي شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىدىغان كىشىلەر بارمۇ؟ بۇنداق كىشىلەرنىڭ جەمىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن مۇھاكىمە قىلىڭلار.

## «خالىغان بىر كىشى»گە چاقىرىق

ھېكايىمىز «**ھەممە كىشى**»، «**بىر-بىرى**»، «**خالىغان بىر كىشى**» ۋە «**ھېچكىم**» ئىسىملىك تۆت كىشى ھەققىدە.

قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم ئىش بار ئىدى. «**ھەممە كىشى**» «**بىر-بىرى**»نىڭ بۇ ئىشنى قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. گەرچە ئىشنى «**خالىغان بىر كىشى**» قىلسىمۇ بولىۋېرەتتى، ئەمما «**ھېچكىم**» قىلمىدى. «**بىر-بىرى**»نىڭ بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى ئىش «**ھەممە كىشى**»نىڭ ئىشى ئىدى. «**ھەممە كىشى**» «**خالىغان بىر كىشى**»نىڭ بۇ ئىشنى قىلالايدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئەمما «**ھېچكىم**» بۇ ئىشنى «**ھەممە كىشى**»نىڭ قىلمايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئاخىرىدا «**خالىغان بىر كىشى**» قىلالايدىغان بۇ ئىشنى «**ھېچكىم**» قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، «**ھەممە كىشى**» «**بىر-بىرى**»نى ئەيىپلەشتى.

# ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئادالىتى

ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغان مەزگىللەردە بىر ئاخشام خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئەسنادا بىر مېھمان كەلدى. ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىپ تۇرغان شامنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، باشقا بىر شامنى ياندۇردى. مېھمان ھەزرىتى ئۆمەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي سورىدى:

- ئاۋۇمۇ شام، ماۋۇمۇ شام. ئىككىسى ئوخشاش ئۆينى يورۇتىدۇ. نېمىشقا بىرىنى ئۆچۈرۈپ، يەنە بىرىنى ياقىسىز؟

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق جاۋاب بەردى:

- مەن ئۆچۈرىۋەتكەن شام خەلقنىڭ پۇلىغا ئېلىنغان. شەخسى ئىش قىلغاندا، دوستلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئۇنى ئىشلىتىشكە ھەققىم يوق. شۇڭا ئۇ شامنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزەمنىڭ پۇلۇم بىلەن ئالغان شامنى ياقتىم.

1. تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئادالەتسىزلىك دەپ نېمىنى دېيىش كېرەك؟
2. كىچىككىنە بىر ئىشنىڭ ئادالەتسىزلىككە سەۋەپ بولغانلىقىغا دائىر ۋەقەلەرنى ئۇچراتتىڭلارمۇ؟ ساۋاقداشلار ئارا مۇھاكىمە قىلىڭلار.
3. تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن ئادالەتكە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار.



ئۆزئارا ياردەملىشىش ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ مۇزاكىرە قىلىڭلار.

ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى ياردەمپەرۋەر بولۇشقا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايمىز؟ ساۋاقداشلار ئارا مۇزاكىرە قىلىڭلار.

يالغان گەپ قىلماسلىق، خوشچىراي بولۇش بىر مۇسۇلماننىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىتا مەسئۇلىيەتلىرىدىندۇر. سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىتا مەسئۇلىيەتلىرىدىن بەشنى يېزىپ بېقىڭلار.

«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلمايدۇ، يارىلمايدۇ ۋە كەمسىتمەيدۇ.»
(بۇخارى: «مەزالىم»، 3)

«مۆمىن — ئىنسانلار بىلەن چىقىشالايدىغان ۋە ئىنسانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالايدىغان كىشىدۇر. ئۆزى يېقىنلاشمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىلىمۇ بولمايدىغان ئىنساندا خەير يوقتۇر.»
(ئەخمەد بىن ھەنبەل، 4\271)

**پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزگە ئۆگەتكەنلىرىدىن:**

كىمكى بىر قېرىندىشىنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىدۇ.

❑

كىمكى بىر مۇسۇلماننى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزسا، ئاللاھمۇ ئۇنى قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن قۇتقۇزىدۇ.

❑

كىم بىر مۇسۇلمانغا كىيىم كىيگۈزسە، ئاللاھمۇ ئۇنى قىيامەت كۈنى كىيىندۈرىدۇ.

(ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 46)

# ھەممە كىشىنىڭ ياردەم قىلالىغۇدەك كۈچى بار

مەكتەپنىڭ تاملىرىدا، لوزۇنكا، ۋىۋىسكىلاردا بوش يەر قالمىغان ئىدى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ياردەم فوندى جەمئىيىتى شۆبىسى ئۆتكەن ھەپتە خوشنا شەھەردە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدە زىيانغا ئۇچرىغانلارغا دىققەتنى تارتىش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ ئىچىدە ھەممە يەرگە ئېلانلارنى چاپلىۋەتكەن ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ قېتىمقى ئاپەتتە ئۆيلىرى يىقىلغان، يېقىنلىرى ئۆلۈپ كەتكەن، يارىلانغان، ئاچ-سۇسىز قالغان ئىنسانلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. پات-پات: «ھەممە كىشىنىڭ ياردەم قىلالىغۇدەك كۈچى بار» دېگەن شۇئارلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھۈسەيىن بۇ سۆزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئويلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، موھتاجلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، باي بولۇش كېرەك ئىدى. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىنچىلىقتا قالغان ھۈسەيىننىڭ ياردەم توپلاش پائالىيىتىدە ئىئانە قىلغۇدەك پۇلىسى يوق ئىدى.

پائالىيەت ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. ئاخىرىدا توپلانغان ئەشيالارنى يۈك ماشىنىلىرىغا بېسىش ئۈچۈن تەييارلاۋاتاتتى. ھۈسەيىن تارتىنغان ھالدا قولىدىكى خالتىنى كۆتۈرۈپ يۈك ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. مەكتەپ دەۋازىسىدا ئوسمان ئۇچرىدى. ئوسمان ھۈسەيىننىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭمۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى. ھەر كۈنى خەقنىڭكىگە بېرىپ كىر-قات يۇيۇپ، تازىلىق قىلىپ تۇرمۇشنى قامدايدىغان ئانىسى بىلەن بىللە غورىگۇل تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يىغىلغان ئەشيالارنى يۈك ماشىنىسىغا توشۇپ بولالماي ھېرىپ كەتكەن ئوسمان ھۈسەيىننىڭ قولىدىكى خالتىنى كۆرۈپ: «ئاپەت رايونىغا نېمە ئەۋەتمەكچى بولدۇڭ؟» دەپ سورىدى. ھۈسەيىن: «بۇ مېنىڭ كىچىك چېغىمدىكى يوتقىنىم. ئانام مەن توغۇلغاندا تىكتۈرۈپتىكەن، لېكىن ئىشلىتىش پەقەت نېسىپ بولماپتىكەن. ئۇنىڭ خاتىرىسى دەپ ساقلاپ قويغان ئىدىم. ئاپەت رايونىدا چېدىرلاردا قالغان بالىلار كىم بىلىدۇ بەلكىم ئۈششۈپ قالغاندۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ ئوسمان؟ ئەمدى بۇ يوتقان بۇنىڭغا ئېھتىياجى بار بىرەيلەننى ئىسسىتسۇن. ئەسلىدە ئۇ يەرگە ماڭۇ مېنىڭكىدەك تايىنى يوق نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى چوڭراق ياردەم كەتسە ياخشى بولاتتى...» دېدى.

ئوسمان دوستىغا مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنى ھەرگىز تايىنى يوق دەپ قارىمايمەن. ياردەمنىڭ چوڭى كىچىكى يوق. بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسە يېرىنى ۋە شۇنىڭغا چۈشلۇق ئىگىسىنى تاپىدۇ. مېنىڭ بەرگۈدەك يوتقىنىم يوقتى، ئەمما ياردەم قىلالمايمەن دەپ ئويلىمىدىم. ئۇنداق ئويلىغان بولسام، يىغىلغان ئەشيالارنى خالتىلارغا قاچىلايدىغان، يۈك ماشىنىسىغا توشۇيدىغان بىر كىشى كەم قالغان بولاتتى. بۇ تۆپەيلى يۈك ماشىنىسى يولغا چىقىشقا بەلكىم كېچىكىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن ئاپەت رايونىغا ئەمگىكىم ۋە دۇئالىرىم بىلەن ياردەم قىلىۋاتىمەن.»



# ئايشە قانداق قىلسا بولار؟

گاز تۇڭى پارتلاپ كەتكەچكە ئايشەنىڭ ساۋاقدىشى خالىدەنىڭ يۈزى ۋە قوللىرى كۆيۈپ كەتكەن ئىدى. خالىدەنىڭ ئوپېراتسىيەسى ئۈچۈن مەكتەپتە ئىئانە توپلاش ئىشى باشلانغان ئىدى. ئەگەر يۈزى ۋە قولى دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا، كۆيۈك ئىزلىرى قېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئايشە يەتتە ئايدىن بويان كومپيۇتېر ئېلىش ئۈچۈن پۇل يىغىۋاتاتتى. ئەمدى خالىدەگە ياردەم قىلايمۇ قىلمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. چۈنكى كومپيۇتېر سېتىۋېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ھازىر بىر قارارغا كېلەلمىدى.

**ئەگەر سىز ئايشەنىڭ ئورنىدا بولسىڭىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟ ھېكايىنىڭ داۋامىنى يېزىڭ.**

**پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:**
**«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى خەتەر ئىچىدە يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ.»**
(مۇسلىم: «بىرر»، 58)

**قۇرئاندا ھەزرىتى لوقماننىڭ ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان:**

**«ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپى جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»** (لوقمان سۈرىسى، 16-ئايەت)



**بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك ھالدا «ياخشىلىق قىل، دېڭىزغا ئات (تاشلا). بېلىق بىلمىسە، خالىق (ياراتقۇچى) بىلەر» دېگەن ماقال-تەمسىلنى ساۋاقداشلار ئارا مۇزاكىرە قىلىڭلار.**

## 18 ـ بەتتىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابى:

1. جىبرائىل
2. تەبلىغ
3. مۇستافا
4. ئاخىرەت
5. بەقا
6. ئەسمائى ھۇسنا
7. ئىمان
8. ئالىم
9. مۆمىن
10. ئىسمائىل
11. كەلىمەئى شاھادەت
12. قۇرئان
13. رەب
14. ۋەلى
15. ئىسلام
16. سالىھ ئەمەل
17. ۋەھدانىيەت
18. ئەقىدە
19. ئىنجىل
20. جەننەت

## 35 ـ بەتتىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابى:

1. بەش ۋاقىت ناماز
2. فىترە (پىتىر سەدىقىسى)
3. نەپلە
4. ساھۇر
5. سەداقا (سەدىقە)
6. زەكات (زاكات)
7. ساھۇر (زو)
8. خۇتبە
9. تەيەممۇم
10. تەھەججۇد
11. ۋىتىر
12. تېراۋىھ (تىراۋۇ)
13. قەدىر كېچىسى
14. ئەزان
15. ئىنفاق
16. قامەت
17. بايرام (ھېيت)
18. جامائەت
19. غۇسۇل
20. ئىمام

(تۈگىدى)


# يېڭى نەشر قىلىنغان كىتابلار

## ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى كىتابلاردىنمۇ پايدىلىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز




### كىتابىمنى ئۆگىنىمەن

بۇ رەڭلىك، رەسىملىك كىتابتا مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئانى كەرىمدىكى بەزى مەزمۇنلار باللار تىلىدا تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق تونۇشتۇرۇلغان.




### پەيغەمبىرىمنى ئۆگىنىمەن

بۇ رەسىملىك، رەڭلىك كىتابتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى باللار تىلىدا چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك ۋە ئىخچام بايان قىلىنغان.